«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物

شائىر، تەرجىمان، پروفېسسور ئىمىن
ئەھمىدىنىڭ 70 يېشىغا مۇبارەك



1
2013

# 新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
9 771008 649003 01

•XINJIANG CULTURE •СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА •シンキョウ ブンカ •مجلة حضارة شنجيانغ•



( 2012.9.26 — 1942.1 )

« ئەنجانباي »( رومان ) ، « مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى » ( ھېكايە ) ،
« سېپى بولمىسا ئېپى بولمايدۇ »( ھېكايە ) ، « ئا ب س . . . ئەپەندى »( ھېكايە ) ،
« قىساس » ( ھېكايىلار توپلىمى ) قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ،
يازغۇچى مەرھۇم نۇر روزى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(62 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013 ـ يىلى 1 ـ سان
(ئومۇمىي 319 ـ سان)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
بەگمەت يۇسۇپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخنىك رېداكتورى:
بەگمەت يۇسۇپ

## بۇ ساندا

### تۈزۈلمىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇش .......................... تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

ئوسمان راۋاب ھەققىدە ھېكايە ........................ تۇرسۇن مەھمۇت 15
غەزەللەر ......... ئەھمەدجان تۇرۇپ بەگتۈرك، قەھرىمان روزى ئەرچىن 29

### ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت

ئەخلاقنىڭ قىيامى ۋە قىيامىتى (داۋامى) ......... ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 32

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .................... ئابدۇۋاھىد مۆلجەرى قاتارلىقلار 47

### ئوبزورچىلار مۇنبىرى

سەھرا بازىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى ...................... ئابلىكىم تۇرسۇن 52

### يۇز مۇيۇز

شېئىر ـــ لىرىك پىكىر، تەرجىمە ـــ قىرغاقتا تۇتاشقان كۆۋرۈك ..........
.................... ئالىمجان ئابدۇخالىق، ئەلى ئابلا 64

### تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ......... زۇنۇن باقى قاتارلىقلار (ت) 77



تۇرسۇن مۇھەممەت توختى

# ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇش

## ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرغان بىر ياشنىڭ ھېكايىسى

يېقىندا ئۈرۈمچىدىن ناھىيەمىزگە كېلىپ تارماق زاۋۇت قۇرۇۋاتقان ھەببۇللا ئىسىملىك ياش كارخانىچى بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ئوقۇش ۋە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن گېرمانىيەدە سەككىز يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ، ھازىر كارخانا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن. سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۈگۈننى يارىتالىغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم:

ئۇ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، خىزمەت تەقسىماتى بويىچە مەلۇم بىر تېخنىكوم مەكتەپكە ئورۇنلىشىپتۇ. مەكتەپ خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇنى پەلسەپە دەرسى ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇ ئۆز كەسپىگە پۇختا بولسىمۇ، باشقا پەنلەردىن ھېچقانچە خەۋىرى بولمىغاچقا، ھەتتا پەلسەپىنى چۈشەنمىگەچكە، يەنە كېلىپ ئىپادىلەش ۋە نۇتۇق ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، ئوي - پىكىرلىرىنى راۋان ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، بۇ دەرسنى ئۆتۈش ئۇنىڭغا تاغدەك ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ. بىر سائەت دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن نەچچە سائەتلەپ تەييارلىق قىلسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرس ئۆتەلمەپتۇ. دەرسخانىدىكى ھەر بىر سائەتنى تۇشقۇزۇش ئۇنى شۇ دەرىجىدە تەتۈر قىيناپتۇكى، بۇ خىل خىجالەتچىلىكتىن، ئۆزىنىڭ تولىمۇ «يارامسىز»لىقىدىن ئازاب ۋە خورلۇق ھېس قىپتۇ. بىر نەچچە يىلنى ئەنە شۇنداق خىزمەت، سورۇندارچىلىق دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئادەتتىكىچە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىك كىرىزىسى پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، كىملىك ئېڭى بىردىنلا ئويغىنىشقا باشلاپتۇ. شۇندىلا كۈنلىرىنىڭ بىر خىل مەزمۇندا داۋام قىلىۋاتقانلىقىدىن، ھاياتىنىڭ سىيدام ھالەتتە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن مەنىسىزلىك ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئادەم ھاياتىغا نىسبەتەن سەزگۈر بولمىسا، ئۇچقۇر يىللار ئۆمۈرنى ئوغرىلاپ كېتىۋېرىدىكەن. بۇ ئۆمۈر شۇ قەدەر قىسقا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ھاياتىمنى قەدىرلىمەيمەن؟ تەكرار تۇرمۇشنىڭ ئاتا قىلىدىغىنى نېمە؟ مەن بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مەن زادى كىم؟ ياشاشتىكى مۇددىئايىم نېمە؟ نېمە قىلىشىم، قانداق ياشىشىم، ھاياتقا نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشۇم كېرەك؟!» دېگەندەك ۋەزنى ئېغىر سوئاللارنى قويۇپ، سوغۇققانلىق

### ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

بىلەن ئويلىنىپتۇ. ھايات ھەققىدىكى سوئاللار ئۇنى ئاخىر
ئەپلەت ئۇيقىدىن ئويغىتىپتۇ. ئەقىللىق ئادەم قەلبىنىڭ
چوڭقۇر قاتلىمىدا كۈچلۈك بىر ئىنتىلىش تۇيغۇسى پەيدا
بولغىنىدا، يەنىلا بىغەملەرچە ياشاۋېرىشنى ھەرگىز خالىمايـ
دۇ.

ھاياتتا زادى نېمىگە ئېرىشىش، نېمە قىلىش، قانداق
ئادەم بولۇش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىغا نىسبەتەن ئېنىق نىشانى
ۋە كونكرېتنى پىلانى بولمىغان ئادەم، ئېقىمغا ئەگىشىپ ياـ
شاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ۋاڭ شۇجۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك:
«ئېقىمغا ئەگىشىپ چېپىپ يۈرىدىغانلار ئەڭ بەختسىز كىـ
شىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭمىغاچقا، ئاخىر ھېچنېـ
مىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھېرىپ ھالدىن كەتكەندە ئۆزىنىڭ
پەقەت بىر جايدىلا مىدىراپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.
بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق!» («تەرـ
ملەر» 1996 ـ يىلى 11 ـ سان) نۇرغۇن كىشىنىڭ نەتىجە قاـ
زىنالماسلىقىدىكى ئەجەللىك بىر ئاجىزلىق شۇكى، گەرچە
ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلى ئۇنى
رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتـ
مەيدۇ. ھەببۇللا بولسا شۇ قېتىمقى ئىدىيەۋى ئويغىنىشتىن
كېيىن يوقىتىپ قويغان ئۆزىنى قايتا تېپىۋالغاندەك، ۋۇجۇـ
دى قانداقتۇر بىر ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك ئاكتىپ
روھىي ھالەتكە ئۆتۈپتۇ. ئۇ كونكرېتنى ئىشنى نەدىن
باشلاش مەسىلىسى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ: ئادەم ئىجتىماـ
ئىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى، بارلىق ئىجتىمائىي مۇناـ
سىۋەتلەر تىل ۋە نۇتۇقنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يۈرۈشىدۇ.
پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئەقلىگە تايىنىپ ياشايـ
دىغان ئىنسانغا نىسبەتەن، ئالاقە قورالى ھېسابلىنىدىغان
تىل ۋە نۇتۇقنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن چەكسىز. ئەگەر تىل
ۋە نۇتۇق ياخشى بولمىسا كىشىلىك مۇناسىۋەت زور دەرىـ
جىدە توسقۇنلۇققا ئۇچراپلا قالماي، ماددىي ۋە مەنىۋى
جەھەتتىمۇ ھېچقانچە نەپكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا
مەن ئالدى بىلەن ئىشنى ئانا تىلنى پىششىق ئۆگىنىپ
نۇتۇق ۋە ئىپادىلەش قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرۈشتىن، خەنزۇ
تىلىنى ئۆگىنىشتىن باشلىشىم كېرەك دېگەن قارارغا كەپتۇ
ھەمدە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىگە
ئاتلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايىغى چىقماس يىغىلىش
ۋە سورۇنلاردىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، خىزمەت ۋە خىزـ
مەتتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەسەبىيلەرـ
چە ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ «بۇنداق ئۆـ
گەنسەڭ ساراڭ بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك گەپ ـ سۆزـ
لىرىگە، ئارقىسىدىن بولۇۋاتقان مىش ـ مىش پاراڭ،
ئۆسەك سۆز، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرگە پەرۋا قىلماي،
پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈپتۇ. دەم ئېلىش
كۈنلىرى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي 13 ـ
14 سائەت ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. نىشانلىق ۋە مەقـ
سەتلىك ھالدا ئانا تىلدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ھەم خاتىرە
قالدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېـ
ڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇپ بېرىپـ
تۇ. مەلۇم تېمىلارنى بەلگىلەپ نۇتۇق سۆزلەشنى مەشىق
قىپتۇ. ئۆگەنگەنسېرى مەنىۋىيىتىنىڭ نۇرلىنىپ، تۇرمۇشىـ
نىڭ يېڭىچە مەنىلەر بىلەن بېيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، تىل كېـ
كەچلىكىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانـ
سېرى شىجائىتى تېخىمۇ ئۇرغۇشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىـ
دە، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى نۆل نۇقتىدىن باشلاپ ئىككى
يىلدىلا كىتاب، ماتېرىياللارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان،
بىمالال پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان سەۋىيەنى ھازىرلاپتۇ.
«بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ تىلىنى بىلىش ئىشچى ـ خىزمەتـ
چىلەرگە نىسبەتەن ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ قالدى. شۇڭا
مەن چوقۇم باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىرەر ئالاـ
ھىدىلىكنى پەيدا قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئارقىدىـ
نلا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. ۋاقىتنى تېجەش
ئۈچۈن ھەتتا بىر مەھەل دوست ـ بۇرادەرلىرىنىمۇ تەرك
ئېتىپتۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ يەردە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان
بىرەر كۇرس بولمىغاچقا، بىر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىـ
دىن پەقەت ئىككى سائەتلا تەلىم ئېلىپ، بۇ تىلنى ئۆگەـ
نىشنىڭ ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچلىرى، دىققەت قىلىدىغان
نۇقتىلارنى بىر قۇر بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىنگلىز تىلىغا
ئائىت كىتاب ۋە پىلاستىنكىلارنى تېپىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەـ
نىشكە باشلاپتۇ. ھەرقانچە قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا يوـ
لۇقسىمۇ ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەپتۇ. ئىككى يىل جاپالىق
تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇپ
ۋە ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، مۇددىئاسىنى ئىپادىلىيەلەيدىـ
غان سەۋىيىگە يېتىپتۇ.

«يول تاپالمىغاندا ئاستىدا» دېگەندەك، ئۆگىنىش ئۇ-
نىڭغا يېڭىچە روھ ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتەك يېڭى-
چە ئىستەكنى پەيدا قىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ شۇ قەدەر
تىرىشچانلىقىدىن خەۋىرى بار ئالىي مەكتەپتىكى بىر
ئۇستازى ئۇنىڭغا، ئەگەر نېمىس تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتەل-
سە، گېرمانىيەگە چىقىپ ئوقۇشقا چامىنىڭ يېتىشىچە كۆچ
چىقىرالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ نېمىس تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر ئاماللار-
نى قىلىپ شارائىت يارىتىپ، بېيجىڭغا بېرىپ بەش ئاي
ئەتراپىدا مەخسۇس نېمىس تىلى ئۆگىنىپتۇ. قايتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن خىزمەتتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلارنى چىڭ
تۇتۇپ داۋاملىق ئۆگىنىپتۇ. ئەپسۇس تۇرلۇك سەۋەبلەر
تۈپەيلى ئۇنىڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئىشى ئۈچ يىل كەي-
نىگە سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بېشىنى ئەگ قاتۇ-
رۇۋاتقان ئوقۇش پۇلىنىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن، غەيرەتكە
كېلىپ بازاردىن ئىبارەت قايناقغا شۇڭغۇپ، تۇرلۇك ئىش
ئوقەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. تىرىشقان ئادەمنىڭ ئەجرى
ھېچقاچان بىكار كەتكەن ئەمەس، تىرىشۋاتقان ئادەم
ھامان بىر كۈنى مېھنىتىنىڭ ھوسۇلىنى كۆرمەي قالمايدۇ،
شۇڭا كونىلار «تىرىشقان تاپار» دەپ بىكار ئېيتمىغان.
دەرۋەقە ئۇنىڭ نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى ئاخىر مېۋىسى-
نى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئانا تىل جەھەتتە پۇختا ئاساس-
قا ۋە نۇتۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۈچ
تىللىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ جەرياندا ئىرادىسىمۇ تاۋلىنىپ، ئۆ-
زىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ، ئېغىر ئىقتى-
سادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ غالىب كېلىپ ئاخىر
گېرمانىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.
مەن ئۇنىڭدىن:

— يات ئەلدە سەككىز يىل تۇرۇپسىز، بۇ جەرياندا
يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىڭىز، تارتقان مۈشكۈلاتلىرىڭىز ئاز
بولمىسا كېرەك؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

— بۇ ھەقتىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى يازسام قېلىن
بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن. ئىبىن مۇقەففا: «دۇنيانىڭ قە-
يىنچىلىقى تۆتتۇر. غۇربەتچىلىكتە كېسەللىك، قېرىغاندىكى
يالغۇزلۇق، نامراتچىلىقتىكى قەرزدارلىق، سەپەردە ئۇزاق
يول» دېگەنىكەن. ئادەم بېشىغا كەلمىگۈچە ئۇلۇغلار قال-
دۇرغان دۇردانىلەرنىڭ تېگىگە يەتمەيدىكەن. دەسلەپتە
مەن ئۇ يەرگە پەقەت تۆت ئايلىق ئوقۇش ۋە تۇرمۇش
خىراجىتىمگە يەتكىدەك پۇلنى ملىك تەسلىكتە غەملەپ چىق-
قاندىم. ياتاق ۋە تاماق قىممەت بولغاچقا ئىككى ـ ئۈچ
ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يانچۇقۇم قۇرۇقدىلىشقا، قىيىنچىلىقلار
مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بىر
تەرەپتىن ئىشلەپ پۇلنىڭ غېمىنى قىلمىسام ئوقۇشۇمنى دا-
ۋاملاشتۇرۇشۇم مۇمكىن بولمايلا قالماي، ھەتتا ئاچ قېلى-
شىممۇ كۆز ئالدىمدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىش ئىدى. بىراق
بىر ئايدا قانچىلىك ۋاقىت ئىشلەشكە نىسبەتەن مەكتەپنىڭ
بەلگىلىمىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيەدەك رى-
قابەت ئىنتايىن كەسكىن بىر دۆلەتتە ئىش تېپىشنىڭمۇ
ئۆزى بىر مەسىلە ھېسابلىناتتى. شۇ كۈنلەردە بەش ياۋرو
ئۈچۈن كۈنىگە 15 سائەتلەپ ئىشلىگەن كۈنلىرىم بولدى،
ھەتتا ياتاقسىز قېلىپ نەگە بېرىشىمنى بىلمەي نىشانسىز
كوچىلارنى ئايلانغان، ۋوگزالدا تۈنەپ قالغان چاغلىرىممۇ
بولدى. بۇنداق چاغدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى، مۇساپىر-
چىلىقتىكى غۇربەتچىلىكنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى شۇنداق
كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان كىشىلەر ھەرگىز
تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. لېكىن مەن بېشىمغا كۈن چۈشكەن،
ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا قالغان چاغلار-
دىمۇ ۋىجدانىمنى يوقىتىپ قويمىدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە:
«غەيرەت قىل! قىيىنچىلىق ئىرادەڭنى سىنايدىغان سىناق،
قىممىتىڭنى يارىتىدىغان پۇرسەت!» دەپ مەدەت بېرىپ
تۇردۇم. جاپانىڭ كەينىدە چوقۇم راھەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا
ئىشەنچ بىلەن قارىدىم. شۇڭا قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ھەرگىز
بەل قويۇۋەتمەي ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىدىم. ئادەم
باشقا كەلگەندە شۇنداق باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن. مەنزى-
لىمنى يورۇتۇپ تۇرغان مەندىكى ئارزۇ ۋە غايىنىڭ
روھىي قۇدرىتى ئىرادەمنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقلار ئۈس-
تىدىن بىر ـ بىرلەپ غالىب كېلىشىمگە تۈرتكە بولدى. باشقا
ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ئادەم ئۆزىنى تاشلىۋەتمىسىلا،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھامان بىر چارىسى تېپىلىدىكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيدىن ئايرىلغاندا يېڭى بىر مۇھىتقا ماس-
لىشىش، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش، ئوقۇش ۋە ئىمتىھان بې-
سىمى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسى،
يالغۇزلۇق ۋە جاندىن ئۆتىدىغان غېرىبلىق، ۋەتەنگە
بولغان سېغىنىش، مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققىدى

غان ئىسەنكىرەش، كىملىك كىرىزىسى دېگەنگە ئوخشاش
قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىـ
دىغان گەپكەن. مەن قايسى بىر پەيلاسوپنىڭ «جاپالىق
باشلىنىشى بولمىغان ئادەمنىڭ گۈزەل كېلەچىكى بولمايـ
دۇ» دېگەن سۆزىگە تولىمۇ قايىل. ئۆزۈم دېهقان ئائىلىـ
سىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. كىچىكىمدىن تارتىپلا ئېتىزـ
ئېرىقنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىدە تاۋلانغان. موھتاجلىق
مېنى 15 يېشىمدىلا 100 كىلوگىرامچە ئېغىرلىقتىكى قاپلارنى
يۈدىدىغان ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا
مەجبۇر قىلغان. قۇرامىمغا يەتمەي تۇرۇپلا تومۇزنىڭ پىژـ
غىرىم ئاپتاپلىرىدا ئاشۇ شورلۇقلاردا چوڭ ئادەملەر قىلىـ
دىغان جاپالىق ئەمگەكلەرگە قاتناشقان ھەم ئاش ـ نـاننىڭ
نەدىن كېلىدىغانلىقىنى كىچىكىمدىلا بىلگەن. ئاشۇ شورلۇق
ئانا تۇپراقنىڭ باغرىغا يۈزۈمنى يېقىپ ئۇخلاپ قېلىپ،
ئويغىنىپ قوپقىنىمدا يۈزۈمگە بەزىدە بىر كاللەك لاينىڭ
چاپلىشىپ قالىدىغانلىقى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.
مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا جاپانىڭ تەمىنى يەتكىچە تېتىپ
چوڭ بولغاچقا، چەت ئەلدىكى قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈلاتلار
نى يېڭىپ كېتەلىدىم. كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلەر نەـ
تىجىسىدە كېيىنچە شارائىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ
كەتتى، يوللىرىممۇ كېڭىيىپ باردى، ئوقۇشۇمنىمۇ مۇۋەپـ
پەقىيەتلىك تاماملىدىم. مەن شۇنداق قارايمەن: ئەگەر راـ
ھەترەك تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولغان ھەرقانداق بىرى
مەن تارتقان جاپالارنىڭ يېرىمىغا دۇچ كەلسىمۇ ھەرگىز
چىدىمىغان، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولاتتى، —
دەپ جاۋاب بەردى.

ھەببۇللا گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق
دۇنيا سودا يەرمەنكىسىدە، شىنجاڭدىن كەلگەن بىر
ئۇيغۇر ياش كارخانىچى بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇچرىـ
شىپ سىردىشىپ قاپتۇ. ياش كارخانىچى شۇ كۈنلەردە
ئىختىساسلىق خادىملارغا تولىمۇ موھتاج بولوۋاتقانلىقىنى،
ئەگەر ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كارخانىسىنى بىرلىكتە باشقۇـ
رۇشنى خالىسا قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى سەمىمىيلىك
بىلەن ئەسكەرتىپتۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى ۋەتەندىن ئايـ
رىلىپ ۋەتەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ۋەتەنسىزلىكنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەن،
ۋەتەن سۆيگۈسى قەلبىدە لاۋۇلداپ تۇرۇۋاتقان ھەببۇللا
ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ ۋەتەنـ
گە قايتىشنى قارار تېپىپتۇ. مانا ھازىر ئۇ ئاشۇ كارخانىچى
بىلەن مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، كارخانىنىڭ كۆلىمىنى ئۇـ
زۇكسىز كېڭەيتىش بىلەن بىللە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىنى
كۆپەيتىش، سۈپىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، يېڭىلىق ياـ
رىتىش، كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش، ماركىنىڭ ئىناـ
ۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا بار تىرىشچانلىقىنى كۆرـ
سىتىپ، كارخانىغا نىسبەتەن ساداقىتىنى ئىپادىلەپ كېلىۋېـ
تىپتۇ. ئۇ مېنىڭ:

— سىز ئۆز قىممىتىڭىزنى يۇكسەلدۈرۈش يولىدا ئۇـ
زۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋېتىپسىز، بەلكىم
چەت ئەلدە تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت
مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزگىچە تەسىراتلارغىمۇ ئىگە بولدىـ
ڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېگەن سوئالىمغا:

— ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا، كىشىلىك قىممەت توھپىـ
گە قارىتا بولىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ توھپىسىدىكى پەرقلەر
قىممەتتىكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايتـ
تىم. گېرمانىيەگە چىققاندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن
كەلگەن نۇرغۇن چەت ئەللىك بىلەن ئۇچراشتىم، ھەم ئىجـ
تىمائىي ئالاقىلەردە بولدۇم. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىـ
دىمكى، زامانىۋىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، قۇدرەت تاپقان
دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى مەيلى قايسى دۆلەتكە بارسۇن ئالـ
قىشقا بەكرەك سازاۋەر ئىكەن. ئاقساق ـ چولاق ياكى
بىلىم ـ ئىقتىدار جەھەتتە ئادەتتىكىچە بولۇشىدىن قەتئىينەـ
زەر «ۋاي» دەپ ھۆرمەتلىنىدىكەن، ئالاھىدە مۇئامىلە
ۋە ئېتىبارغا ئېرىشىدىكەن. ئەكسىچە قالاق، تەرەققىياتتا
ئارقىدا قالغان دۆلەت پۇقرالىرى بۇ جەھەتتە ئانچە ئېتىـ
بارغا ياكى دىققەتكە سازاۋەر بولالمايدىكەن. مۇنداقچە
ئېيتقاندا، سىز نامرات ۋە قالاق بىر ئەلنىڭ پۇقراسى
بولۇپ ئىستېداتىڭىز ھەرقانچە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان
تەقدىردىمۇ، قۇدرەت تاپقان ئەلنىڭ ئادەتتىكى بىر پۇقراـ
سىچىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدىكەنسىز. قىسقىسى،
سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولىدىـ
كەن. بىر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىـ
تى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدىكەن.
دۆلەت ياكى مىللەت قۇدرەت تاپماي تۇرۇپ شەخسنىڭمۇ
قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدىكەن. سانى ئىنتايىن

ئاز بولغان مۇتەخەسسىس، ئىختىساس ئىگىلىرى، يۇقىرى
دەرىجىلىك زىيالىيلارغا تايىنىپلا باشقىلارغا مىللىي كـەملىك-
نى تونۇتۇپ بولغىلى بولمايدىكەن. خەلقىنىڭ پەن-تېخنىكا،
بىلىم ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆ-
تۈرۈش، ۋەتەن ۋە خەلقنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئـارقىلىقلا
مىللىي كەملىكنىڭ نـوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بـولىدى-
كەن. شۇڭا مەن ھازىر ئۆز قىممىتىمنى ئىجتىمائىي تـوپنىڭ
قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان بولۇپ قـالدىم، شـەخسنىڭ
تەقدىر - قىسمەتلىرى ھامان ئىجتىمائىي تـوپنىڭ تـەقدىر -
قىسمەتلىرى تەرىپىدىن بـەلگىلىنىدىكەن، — دەپ ۋەزمـىن
جاۋاب قايتۇردى.

مەن ئۇنىڭدىن بىر ئادەم ئۆزىنى تـاكامۇللاشتۇرۇشتا
ئەڭ مۇھىم نـەرسىنىڭ نـېمىلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ھـېچ
ئىككىلەنمەيلا: ئېنىق نىشانى بولمىغان ھاياتتىن بىرەر نـە-
تىجە كۈتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ئالدى بـىلەن
ئېنىق نىشان ۋە غايە تۇرغۇزۇش ھـەمدە ئۇنى بـىر خـىل
تەۋرەنمەس ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئـەڭ مۇھىملىقىنى،
ئۆز ئـالاھىدىلىكى ۋە ئـوبيېكتىپ ئـەمەلىيەتنى چىقىش
قىلغان ئـاساستا چوڭ بـىر نـىشاننى مـۇقىملاشتۇرغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭغا يېتىشنىڭ كـونكرېتنى قـەدەم بـاسقۇچلىرى
ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، شامال كىرمىگۈ-
دەك بىر پىلاننى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئـە-
رادىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئوڭۇش-
سىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا چۈشكۈنلەشمەي، قىينچىلىقلار ئال-
دىدا بەل قويۇۋەتمەي ئالدىغا قـاراش، ھـەرگىز ئـىككىلە-
نىش پوزىتسىيەسىدە بـولماسلىق كېرەكلىكىنى؛ شـەخسەن
ئۆزىنىڭ ئون يىللىق نـىشاننى ئېنىق بـېكىتكەندە ئـېگىدا
كەلگۈسىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى روشەن ئەكس ئـەتكەن-
لىكى، ئون يىلدا يېتىدىغان نىشانغا توققۇز يىلدا يېتىپ بول-
غانلىقى، ئېگىدا شەكىللەنگەن ئەشۇ مـەنزىرىنىڭ بۈگۈنكى
كۈندە رېئاللىققا ئايلانغانلىقى، ئەمدى كېيىنكى ئون يىللىق
نـىشانى ھـەققـىدە ئـىزدىنىۋاتقانلىقىنى قـىزغىنلىق بـىلـەن
سۆزلەپ بەردى.

مەن ئۇنىڭدىن يۇرتىمىزغا كېلىپ زېرىكىپ قـالغان -
قالمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— مېنىڭ لۇغىتىمدە زېرىكىش ئۇقۇمى مـەۋجۇت
ئەمەس. چۈنكى مەن كـۈنلىرىمنى تـولىمۇ ئـالدىراشچىلىق
ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن، ھەر بـىر مىنۇت، ھـەر بـىر سائەت
بىلەن ھېسابلىشىپ ياشايمەن. زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىدىن قولۇم
بوشاپ قالغاندا، كىتاب - ماتېرىيال كۆرىمەن، يېزىقچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ھازىر بوش ۋاقىتلىرىمدىن پـايدىلى-
نىپ «روھىيىتىڭىزنى چېنىقتۇرۇڭ» ناملىق كىتابىمنى يېزى-
ۋاتىمەن. ئۆز ئىشلىرىغا ۋاقىت يېتىشتۈرۈپ بـولالمايۋاتقان
ئادەم زېرىكىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئىشەنسىڭىز
ئون يـىلدىن بېرى ئـائىلەمدىكىلەر بـىلەن بـىرەر قېتىممۇ
ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزۈپ باقماپتىمەن. مەن بـەزىدە ھـېيت -
بايراملارنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويىمەن. گـەرچە ھۇزۇر -
ھالاۋەت قوغلاشمىساممۇ، مەنىلەر ئىچىدە يـاشاۋاتقانلىقىم-
دىن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمەن. بۇ ھاياتتا ماددىي ئـىس-
تەكلەرنىڭ چېكى بولمايدىكەن، مېنىڭچە پۇل تېپىشنى ھـا-
ياتنىڭ بىردىنبىر مـەقسىتىگە ئـايلاندۇرۇۋېلىش تـۇرمۇشنى
تولىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا مەن تەننىڭ ھۇزۇ-
رىدىن كۆرە روھنـىڭ ھۇزۇرىنى ئـەۋزەل بـىلىمەن، —
دېدى.

ئۇ ئـەسلىدىلا بـىر مـائارىپچى، يـەنە كېلىپ چـەت
ئەلدە مائارىپ كەسپىدە ئوقۇغان بـولغاچقا، ھـېلىمۇ مـائا-
رىپ كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىكەن، بۇ ھـەقتە ئـىزدىنىدى-
كەن، مائارىپ مەسىلىلىرىگە داۋاملىق دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ
تۇرىدىكەن. پات - پات دەرس ۋە لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ
تۇرىدىكەن. ئۇ گېرمانىيەنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ ئەھۋالى
ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن، نـومۇرنى مـەقسەت
قـىلىپ ئۆگىنىش ئـوقۇغۇچىلارنىڭ ئـىستېداتىنى ئـاسانلا
كاردىن چىقىرىدىغانلىقى، ئـاكتىپ ۋە تـەشەببۇسكار ئۆگـە-
نىش روھىنى سۇسلاشتۇرىدىغانلىقى، تېخىمۇ يامىنى ئـوقۇ-
غۇچىلارنى ئىجادچانلىق تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قـالدۇرىدى-
غانلىقى، شۇڭا ئالدى بـىلەن ئـوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە
نىسبەتەن مۇددىئا - مـەقسىتىنى ئېنىق ئـايدىڭلاشتۇرۇپ،
ئۇنۇملۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق بىلىم ئېلىش ئېھتىياجىنى شە-
كـىللەندۈرۈپ، دەرسخـانىدا گـۇمان تـۇغدۇرۇشقا مـاھىر
بولۇپ، كۆپرەك تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچراشتۇ-
رۇپ، ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىزىقىش ۋە تەشەببۇسكارلىقنى
قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقى؛ ئوقۇتۇشتا بىلىم

بېرىشكە قارىغاندا بىلىم ئېلىش ئۇسۇلىنى بىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان، مۇستەقىل ئىزدىنىدىغان روھنى شەكىللەندۈرۈش، ئاساسىي مەقسەتنى نوقۇل ھالدىكى بىلىم بېرىشتىن ئىقتىدار ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە بۇراشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى؛ گېرمانىيەدە ئەمدىلا 1 ـ يىللىققا كىرگەن بالىنىڭمۇ كەلگۈسىگە نىسبەتەن مەقسەتنىڭ ئېنىقلىقىنى، بىزدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىش ئالدىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق كەسىپنى تاللاش، كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇش مەسىلىسىدە كاللىسىدا ئېنىق بىر سانىنىڭ يوقلۇقى، بۇنداق نىشانسىز ياشاشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال ئىكەنلىكى؛ گېرمانلارنىڭ تەن ساپاسىغا، جۈملىدىن چېنىقىش ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلار ئۇستىخانلىق، بەستلىك كېلىدىغانلىقى، بىزنىڭ ۋىجىك بوي ـ تۇرقىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسانلا چېنىپ قالىدىغانلىقى، تەننىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرماي، ساغلام بەدەنگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭمۇ ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقى، شۇڭا بالىلارنى ئىلمىي ئوزۇقلاندۇرۇشقا، چېنىقتۇرۇشقا ئېتىبار بىلەن قاراش، بۇنى ھەرگىزمۇ كىچىك مەسىلە دەپ قارىماسلىق... دېگەنگە ئوخشاش قىممەتلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ھەببۇللانىڭ نۆۋەتتىكى بىر ئارزۇسى بىرەر مەكتەپ قۇرۇپ، ھازىر ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقان دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىپ ئادەم تەربىيەلەش ئىكەن. ئۇ ھازىردىن باشلاپ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم دەرسلىك ماتېرىياللىرى ھەققىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ. مەن بىر پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ روھىيەت مەسىلىسىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا ئىختىساس ئىگىلىرى، ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ بىر يۇرتقا قەدەم ـ تەشرىپ قىلىشى، شۇ يۇرتقا بەرىكەت، ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەنلىكىگە تەشەككۈرۈمنى ئىپادىلىدىم.

قىسقىلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئەھمىيەتلىك سۆھبەت ماڭا يېڭىچە ئىلھاملارنى ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، ھاياتنىڭ قىممىتىنى قانداق ئاشۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر خىياللىرىمنى قاناتلاندۇردى.

## ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى

**ئويلىنىش ــ ئويغىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى**

مېخانىك تۇرمۇش ــ تىرىكچىلىكنى ئاساسىي مۇددىئا، باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلىرىنى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان، تەكرار تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر ئادەم مېخانىك تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالسا، دىققىتى كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك، ئەھمىيەتى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئەقلىي جەھەتتىكى تۇيغۇنلۇقنى يوقىتىپ قويىدۇ. مېخانىك تۇرمۇش ئادەمنى كەڭ دائىرىدە سېلىشتۇرۇش، مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش، بولۇپمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن ئىبارەت قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچتىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان بولغاچقا، ئاڭمۇ ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا چەكلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە روھىي جەھەتتىكى بىخۇدلۇق، گاس ۋە گاچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. مېخانىك تۇرمۇشنىڭ ئەللەيلىشى ئادەمنى ئاستا ـ ئاستا غەپلەت ئۇيقۇغا غەرق قىلىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ دۇنيادا قەلبى زۇلمەتكە پاتقان سانسىزلىغان ساددا ئادەملەر ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنە ـ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، بىر پۈتۈن ئۆمرىنى غەپلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مېخانىك تۇرمۇشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئاقىۋەتلىرى شۇكى: ئادەمنى بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان تار نەزەرگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ. ئالدىغا باقماي كەينىگە باقىدىغان، ئۆزىنى ئاجىزلارغا سېلىشتۇرۇشتىن تەسەللىگە ئېرىشىدىغان قانائەتچان پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ-دە، ئۆزىدىن ھالقىشتەك شىجائەتتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. كۆپ ھاللاردا جىسمانىي كۈچكىلا تايىنىپ قېلىپ، روھىي كۈچنىڭ قۇدرىتىگە سەل قارايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. كاللىغا ئەخلەت ئىدىيە قاراشلار ئاسان ماكانلىشىپ، ناچار ئادەتلەر بىلەن ئاسانلا يۇقۇملىنىدۇ. ئىلغارلىق چەتكە قېقىلىپ، قۇرۇق پاراڭ بازار تاپىدۇ. نەتىجىدە ئېتىقاد سۇسلىشىدۇ، ئىرادە سۇنىدۇ، تۇرمۇش پۇچەكلىشىدۇ، ھايات چاكىنىلىشىدۇ. ئىلىم ـ تېخنىكا ئىگىلەشكە ئىنتىلىش، ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ نادانلىق پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدۇ. «پېچاق

گال بولسا قوي قىينىلار، ئادەم نادان بولسا جان» دېگەنـ
دەك، نادانلىق ئادەمنى بىر ئۆمۈر تەتۈر قىينايدۇ، تۈگـ
مەس دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بىر
ئۆمۈر ئۆزىنى بىلمەي ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خۇددى ياـ
پونىيەلىك فۇزىيۇيجى: «دۇنيادىكى نادان خەلققە نەزەر
سالىدىغان بولساق، ئۇلار كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ گېپىـ
گە ۋە خەتلىرىگە، ھېكايىلىرىگە، مىش ـ مىش پاراڭلىرىغا
يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ قالىدۇ، ئەرۋاھ، بۇتلارغا،
رامال، داخانغا خۇراپىيلىق بىلەن ئىشىنىدۇ» دېگىنىدەك،
نادان ئادەم ئۆزى قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىدىيەـ
نىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىلەن ھېـ
سابلىشىپ كەتمىگەچكە، ساددا ياكى توغرا بولمىغان
ئاڭنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىر ئىنسانلارنىڭ ئىجتىماـ
ئىي ھەرىكىتىنى ئەنئەنىۋى ھەرىكەت، ھېسسىي ھەرىكەت،
مەقسەتلىك ھەرىكەت ۋە ئەقلىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت تۆت
تۈرگە بۆلگەن. ئۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت
قارىشى ئاساسىدا ئورۇندىلىدىغان ھەرىكەتنى ئەنئەنىۋى
ھەرىكەت؛ ھېسسىياتنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا ئورۇنلىنىدىغان
ھەرىكەتنى ھېسسىي ھەرىكەت؛ مۇئەييەن بىر نىشان ۋە
غايە ئاستىدا ھېسسىي غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي
ئورۇندىلىدىغان، يەنى ئۇنۇمنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلىدىـ
غان ھەرىكەتنى ئەقلىي ھەرىكەت دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ
خىل قارىشىنى تېمىمىزغا تەتبىقلاپ كۆرىدىغان بولساق:
مېخانىك تۈرمۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئاساسەن بىرىنـ
چى، ئىككىنچى خىل ھەرىكەت شەكلىنى ئاساس قىلىپ ھاـ
ياتلىق پائالىيىتىنى داۋام ئېتىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈـ
رۈشكە بولىدۇ. ئۇلار ئومۇمەن ئاجىزلار تۈركۈمىگە تەۋە
بولۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالايدىغان، ئۆز تەقدىـ
رىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان ئىقتىداردىن مەھرۇم
قالغان بولىدۇ. مۇستەقىللىق روھى ئاجىز، قارا ـ قويۇق
دوراش، ئېقىمغا ئەگىشىش خاھىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئاساـ
سەن باشقىلارنىڭ يېتەكلىشى، باشقۇرۇشىغا تايىنىپ ياشايـ
دۇ. ئەگەر مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشى
ساغلام بولمىسا يەنە كېلىپ مېخانىك تۈرمۇشنىڭ ئىسكەنـ
جىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە، شۇ توپ ئىچىدە چاكىنا
قىلىق ۋە ھەرىكەتلەر، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق قىلمىشلىرى
ئەۋج ئېلىپ، تار مەنپەئەتچىلىك كۈرەشلىرى كەسكىنلەـ
شىپ، ئىچكى نىزالار كۈچىيىپ، ئۇيۇشۇش كۈچى چەك ـ
چېكىدىن بۆسۈلۈپ، ئىللەتلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ خەتەرلىك
ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۆگىنىشكە
ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئەقلىي ئەمگەكنى سۆيمەيدىغان،
زىيالىيلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان پاسسىپ ئىجتىمائىي كەيـ
پىيات ئەۋج ئالىدۇ.

ئۆز رېئاللىقى ۋە نادانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن،
ھايات ھەققىدە ئۆزىگە سوئال قويۇش ئىقتىدارىدىن
مەھرۇم قالغان ئادەم، ئەنە شۇ مېخانىك تۈرمۇش ۋە
پاسسىپ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.
ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش بولسا ئويغىنىشنىڭ مۇـ
قەددىمىسى، بۇيۇكلۈككە ئىنتىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى
بولۇپ، ئادەمنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. ئويلىنىش
پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىشتۇر. پىكىر ۋە تەپەككۇر ئىنساـ
نىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالى بولۇپ، بۇ قورالدىن ئۈـ
نۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگەندىلا ھايات نۇرلىنىشقا باشلايـ
دۇ. مۇخبىرلار بىر يازغۇچىدىن قانداق مۇۋەپپەقىيەت قاـ
زانغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇ تولىمۇ ئاددىي قىلىپ:
«باشقىلار بەزمە ـ ئولتۇرۇشلاردا كۆڭۈل ئاچقاندا مەن
پىكىر قىلدىم، باشقىلار ئېغىناپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا
مەن يەنىلا پىكىر قىلدىم، بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە سىر
يوق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. جەمئىيەتشۇناسلار «ئادەمدىـ
كى ئۆزلۈك تۇيغۇسى، يەنى ئۆزىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى
رازىمەنلىك تۇيغۇسى، ئەھمىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشى»نى
كىملىك كىرىزىسى دەپ قارىغان. كىرىزىس ئېغىر بولسا
كىرىزىسنى تونۇپ يېتىش، روھىي جەھەتتە ئويغىنىش،
شۇنداقلا كىرىزىسكە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىدىيەۋى تەييارـ
لىق ھالىتىدۇر. يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ياش كارـ
خانىچى كىملىك كىرىزىسنى تونۇپ يەتكەنلىكى ھەم كىرىـ
زىس ئېغىر ئويغانغانلىقى ئۈچۈن، يەنى ھايات ھەققىدە
ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئويغىنىش ھاسىل قىلالىغانلىقى
ئۈچۈن، ھاياتىنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كېلەلىگەن ھەم
بۈگۈنىنى يارىتالىغان. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ياشاش شەكلىـ
گە نىسبەتەن گۇمانىي تۇيغۇغا ئىگە بولۇشى، ئۆزىگە ھەر
دائىم سوئال قويۇپ ئاڭ ۋە تەپەككۇرىنى يېڭى غىدىقلىـ
نىشلارغا ئىگە قىلىشى، جۇۋاز كالىسىدەك خادا ئەتراپىدا
ئايلىنىۋەرمەي، چەمبەردىن ھالقىپ چىكىتىشكە ئۇرۇنۇپ
كۆرۈشى كېرەك.

غايه ۋه نىشان — هاياتقا تىكلەنگەن بايراق

غايه بىز ئىنتىلىۋاتقان يۈكسەك مەنزىل، هاياتىمىزغا
تىكلەنگەن بايراق. شۇنداقلا ئادەمنىڭ هاياتىي كۈچىنى
ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىدىن هالقىشقا ئۈندەيدىغان، ئىرادە ئېتى-
قادنى مۇستەهكەملەشكە تۈرتكە بولىدىغان، ئاكتىپ پوزىتى-
سىيەگە ئىگە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت مەنزىللىرىگە باشلايدى-
غان بىر خىل روهىي كۈچ. غايىگە ئىگە بولۇش ئىدىيە
ئويغانلىقىنىڭ، هەرىكەت جەهەتتە تەشەببۇسكار هالەتكە
ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ چاغدا مىڭمۇ پاسسىپ
هالەتتىن ئويلىنىش، پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىش هالىتىگە
ئۆتكەن بولىدۇ. شۇڭا غايىلىك ئادەملەرنىڭ هاياتتىن ئال-
دىغان هوسۇلى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن مۇتلەق
كۆپ بولىدۇ. غايىسىز ئادەملەر ئالغا ئىنتىلىش كۈچىدىن
مەهرۇم قالغاچقا، مېخانىك تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ئۆمۈر-
بويى چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردى-
مۇ نىشان بولىدۇ، لېكىن غايىلىك ئادەملەرنىڭ نىشانى بىر
قەدەر يۈكسەك بولۇپ مەزمۇندارلىقى، قاراتمىلىقى، ئەمە-
لىيەتچانلىقى ئىگە بولغان بولىدۇ. نىشان هەرىكەتنى ئېنىق
مەقسەتچانلىققا ئىگە قىلىپلا قالماي، ۋاقىت ۋە هەرىكەتنىڭ
ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
بىرەر غايىسى ياكى چوڭراق بىرەر نىشانى بولمىغان كىشى-
لەر هاياتىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يوقات-
قان، ئۆدۈلىغا ياشاۋاتقان كىشىلەردۇر.

ئۆمۈرلۈك نىشانىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى چىقىش قىلغان
هالدا ئۇزاق مۇددەتلىك، يىللىق، ئايلىق، هەپتىلىك، هەتتا
كۈنلۈك نىشانلارنى بېكىتىپ، نىشانغا ئاساسەن مەقسەت-
لىك، پىلانلىق هالدا هەرىكەتكە ئۆتۈش هاياتنىڭ قىممىتى-
نى ئاشۇرۇشتىكى مۇهىم يول. ئۆدۈلىغا ياشاشتىن نىشانلىق
ياشاشقا ئۆتۈش هاياتتىكى بىر قېتىملىق چوڭ سەكرەش،
بىر قېتىملىق زور بۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۆز
قىممىتى هەققىدە ئويلىنىشقا ۋە ئويغىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ،
هاياتقا نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ شەكىللەنگەنلى-
كىنىڭ ئىپادىسى هېسابلىنىدۇ. نىشانىنى بېكىتكەندە ئەلۋەتتە
ئۇنىڭ قىممىتى، هاياتقا ئاتا قىلىدىغان مەنە ۋە مەزمۇنى
هەققىدە ئىنچىكە ئويلانمىغاندا ۋاقىت ۋە زېهىن ئانچە ئەه-
مىيىتى بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن سەرپ بولۇپ كېتىدۇ.
ئەگەر نىشان خاتا بېكىتىلىپ قالسا خاتا هەرىكەتنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدۇ-دە، زىيانمۇ زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىدۇ.
نىشانىنى بېكىتىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا پىلان تۈزۈش تېخى
ئەمەس. ئەمەلىي هەرىكەتكە ئۆتۈش، ئىزچىل داۋاملاشتۇ-
رۇش، قىيىنچىلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەسلىكتەك قەتئىي
ۋە مۇستەهكەم ئىرادىنىڭ بولۇشى هەممىدىن مۇهىم.
گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر گۈزەل ئارزۇلارنى كۆڭلىگە
پۈككەن هەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەن
بولسىمۇ، ئىشنى قىزغىنلىق بىلەن باشلاپ دەسلەپكى مۇ-
ساپىنى باسا - باسمايلا بەل قويۇۋېتىدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقى-
يەت ئاز ساندىكى غايىلىك، جاسارەتلىك كىشىلەرگىلا
مەنسۇپ بولىدۇ. جوبس مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى
«سىر»نى مۇنداق يەتتە قانۇنىيەتكە يىغىنچاقلىغان بولۇپ
پايدىلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇلار: 1. ئۆزى
ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىش؛ 2. دۇنيانى ئۆزگەرتىدى-
غان غايىسى بولۇش؛ 3. كۆپرەك كاللا قاتۇرۇش؛ 4. سېتى-
ۋاتقىنىنى مەهسۇلات ئەمەس، بەلكى ئارزۇ - ئارمان دەپ
بىلىش؛ 5. رەت قىلىشنى بىلىش؛ 6. ئاجايىپ تەجرىبىلەرنى
بېشىدىن ئۆتكۈزۈش؛ 7. هېكايە سۆزلەشكە ماهىر بولۇش
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئادەتتە بىر تىلنى ئۆگىنىش ياكى بىرەر نىشانىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن
تەۋرەنمەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت كېرەك. ئۆزلۈكىدىن
بىرەر تىل ياكى ئۆزىدە بىرەر ماهارەتنى يېتىلدۈرەلىگەن
ئادەمنى هەقىقىي ئەزىمەت دېيىشكە ئەرزىيدۇ. هەببۇللا
كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئۆگىنىشكە بەرداشلىق بېرە-
لىگەنلىكى، سورۇنلاردىن مېهرىنى ئۈزەلىگەنلىكى، باشقى-
لارنىڭ يولىدا ماڭماي ئۆزىنىڭ يولىدا دادىل ماڭالىغانلىقى
ئۈچۈن، خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى تۆت يىل ۋاقىت
سەرپ قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان. باردى - كەلدى
ئىشلىرىدىن مېهرىنى ئۈزەلمەيدىغان، كۆڭۈلچەكلىكى تۈ-
پەيلى رەت قىلىشنى بىلمەيدىغان، قىلىۋاتقان ئىشىنى
نەچچە سائەت داۋاملاشتۇرالمايدىغان ئادەم هەرگىزمۇ
بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازان-
غۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئورتاق بىر
«سىرى» شۇكى، ئۇ بولسىمۇ ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك
ئىشلاردىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، دىققىتىنى ئاساسىي مەۋقەگە
مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىزدە باشقىلارغا ئوخشىماي

دىغان ئادەم بولۇپ قېلىشتىن، يۇرت ـ جامائەتتىن ئـايرى‌
لىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، توغرا ـ خاتاسى ۋە پايدا
ـ زىيىنى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي بىر ـ بىرىنى
دورايدىغان، كوللېكتىپنىڭ خەتەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتـ
قانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئېقىمغا ئەگىشىدىغان، باشـ
قىلارنىڭ ئىدىيەسى بويىچە ياشايدىغان، كونا يولدا تەكرار ـ
تەكرار مېڭىۋېرىدىغان، ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشقا، ئۆزىدـ
ىنى ئۆزگەرتىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان خاھىش
ھەققەتەن ئېغىر.

نىشاننىڭ تۈرتكىلىك رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.
شەخسەن ئۆزۈممۇ نىشانلىق ياشاش ئادىتىنى شەكىللەنـ
دۈرگەندىن بېرى ھاياتتىن ئالىدىغان ھوسۇلۇمنىڭ ئۆنۈمـ
ىنى كۆرمەكتىمەن. مىسالى، كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇش ۋە يېـ
زىقچىلىق جەھەتتە، 2012 ـ يىلى بوش ۋاقىتلىرىمدىن پايدـ
ىلىنىپ ئۆزۈم مۇشتەرى بولغان 18 تۈرلۈك ژۇرنالنىڭ ھەر
بىر سانلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش بىلەن بىللە، 26
پارچە كىتاب (7150 بەت) ئوقۇپ چىقتىم (پىلاندىن 150
بەت ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى). ھەم مۇھىم مەزمۇنلاردىن
180 بەت خاتىرە قالدۇردۇم. كومپيۇتېر باسمىسىدا 88
بەتلىك خاتىرە يازدىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى
گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلدىم،
«ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئاسارىتى ۋە ساپا مائارىپىنىڭ دالاـ
لىتى» ناملىق زور ھەجىملىك ماقالەم «شىنجاڭ مائارىپى»
ژۇرنىلىنىڭ بەش سانىغا ئۇلاپ بېرىلدى. ئۇ بۇ يەرلەردە
لېكسىيەلەرنى سۆزلىدىم. دېمەك يىل بېشىدا تۈزگەن پىلاـ
نىمنى سەل ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ نىشانغا تولۇق يەتتىم.
ھەر ۋاقىت پىلانىم ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانىمنى ئەسكە
ئېلىپ تۇردۇم، بوشىشىپ قالغان چاغلىرىمدا نىشانىم ئىراـ
دىگە كېلىشىمگە تۈرتكە بولدى. يېتىشەلمەي قالغان چاغلىـ
رىمدا غەيرىتىمنى يەنىمۇ ئاشۇردۇم. ئاشۇ نىشان مېنىڭ
سائەتلەپ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇشۇمغا، كېچىلىرى ساـ
ئەتلەپ كىتاب ئوقۇشۇمغا ھەيدەكچى بولدى.

## پاسسىپ كىشىلەر توپىنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلۇش

شەيخ سەئدى «بوستان» ناملىق كىتابىدا: «ھەمىشە
ئۆزۈڭدىن ياخشىسىنى ئىزدە. ئۆزۈڭگە ئوخشاشلار بىلەن
ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىڭنى زايە قىلىش دېگەنلىكتۇر» دېـ
گەنىكەن. «قوتاندا تۇلپار يېتىشتۇرگىلى، پارنىكتا قارىغاي
ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ»، «توخۇلار ئىچىدە ياشىسالىڭ
مەڭگۈ كۆكتە پەرۋاز قىلالمايسەن» دېيىلگىنىدەك، تەپەكـ
كۇرسىز ياشاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن، مەنىۋى جەھەتتە
چۈشكۈنلەشكەن پاسسىپ كىشىلەر توپى ئىچىدە ياشاش،
ئادەمنىڭ ئۆزلۈك قىممىتىدىن ياتلاشتۇرۇپ، ئەقىل ـ پاراـ
ستىنى خىرەلەشتۇرۇپ، ئىجادىي ئاڭنى بوشۇكىدىلا تۇنـ
جۇقتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايات رودېمىتلىششقا
باشلايدۇ. «دارۋىننىڭ ئەخمىقانە ئىشى» ناملىق ھېكايەتـ
تە، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئەۋەـ
تىلگەن مەدەنىيەتلىك ياش، ئاشۇ ياۋايى ئادەملەر تەرىپىـ
دىن «كېرەكسىز» دەپ قارىلىپ يەۋېتىلىدۇ. بۇ ئىبرەتلىك
ھېكايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم ھاياتقا نىسبەتەن
ھەرقاچان سەزگۈر تۇرمىسا، پاسسىپ ئىجتىمائىي مۇھىت
تەرىپىدىن «يېيىلىپ» كېتىدۇ. بىر جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشـ
كە نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ قۇدرىتى يەتمەسلىكى مۇمكىن.
بىراق چوڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغاندا،
ئەشۇ خىل مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىـ
نىش ئۈچۈن، ئەڭ توغرىسى شۇ خىل مۇھىتتىن ئامال
قىلىپ ھالقىپ كېتىش كېرەك. ئەپلاتون: «تاغ يۆتكەلمىسە
مەن يۆتكەلسەملا بولىدىغۇ» دېگەنىكەن. دەرۋەقە بورانـ
نىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە قۇربىتىمىز يەتمەيدۇ، بىراق
ئۆزىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش تامامەن قولىمىزدىن
كېلىدۇ.

شۆي جۈگېيۇ ئەپەندى ««ياۋاش»لاردىن بولۇپ
قالماڭ» ناملىق كىتابىدا، كىشىلىك ئالاقىنى ئۈچ قاتلامغا
ئايرىپ، بىرىنچى قاتلام يۈزەكى باردى ـ كەلدىنى ئاساس
قىلغان بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى ئەدەپ ـ يۇسۇن، تەكەللۇپ
قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچى قاتلام مەلۇم
بىر خىل مۇددىئا نىشان قىلىنغان ئاشكارا باردى ـ كەلدى
بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ياكى
ئىككى تەرەپكە ئورتاق مەلۇم مەنپەئەت ۋەجىدىن باردى ـ
كەلدى قىلىدىغانلىقىنى؛ ئۈچىنچى قاتلام بولسا مەنىۋى ئاـ
مىللار يادرو قىلىنغان كىشىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ
ئەخلاق، پىرىنسىپ، ئېتىقاد ۋە ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىكى
ئۆزئارا سىڭىشىش مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانـ
لىقىنى، مانا بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى

ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتىدۇ. يۇقىرىقى زاكوننى ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، بىرىنچى، ئىككىنچى قاتلامغا تەۋە ئادەملەرنىڭ ساناقسىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىزدىكى ئايغى چىقمايدىغان مېھماندارچىلىق ۋە «ئادەمگەرچىلىك» ئىشلىرى، تۈگىمەيدىغان سورۇندارچىلىق دەل بىرىنچى، ئىككىنچى خىل ئالاقە شەكلى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھەرىكەت تەكرارلىقى ئادەتنى پەيدا قىلىدۇ. ناچار ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىش قۇللارچە ياشاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قايسى بىر ئەدىب: «بېلىقنىڭ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى مەڭگۈ ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ چوڭ كىرىزىس كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكتۇر» دېگەنىكەن. بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاجىزلىشىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە كىرىزىس ئېڭى يوقالغاندا، نادانلىق قىلمىشلىرى ئەۋجىپ، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ-دە، ئۆزلىرىنىڭ خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىرىسلار قورشاۋىدا قالغانلىقىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە دۇنيانىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىغا قۇلاق سالمايدىغان، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان پاسسىپ كەيپىيات ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل روھىي جەھەتتىكى بېكىنمە ھالەت ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يېيىشنى ئويلايدىغان بىغەملىك ۋە تەپرىقىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقىلار ئۆزلىرىنى زامانىۋى تېخنىكىلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشنىڭ كويىدا يۈرسە، ئۇلار داستىخاننى قولتۇقلاپ مېھماندارچىلىقنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا يۈرۈۋېرىدۇ. كىمدۇر بىرى «ھاياتنى ئۇتتۇرۇقسىزلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ئادەمنىڭ مېھمىنى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ھەقىقىي دوستلىرى بولمايدۇ» دېگەنىكەن. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا كولدۇرلاپ يۈرگەن، غەمپەلەتتىن ئويغىنىپ بولالمىغان ئىجتىمائىي توپ ئەنە شۇنداق ئەخمەق، قىسمەتلىرى كۆپ، بىچارە بولىدۇ.

زۇلپىقار بارات ئۆزباش «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىدا: «ھەددىدىن زىيادە ئىجتىمائىي ئالاقە، سورۇندارچىلىق ئادەمنىڭ خاسلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئادەمنى ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا ئەمەس، باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە باھا ئەندىزىسىدە كۆن ئالدىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ» دەپ يازىدۇ. (298 ـ بەت) شۇ كۈنلەردە بىزدىكى سورۇندارچىلىق جەمئىيەتلەشكەن بىر ھادىسىگە ئايلاندى. يەنە كېلىپ مۇتلەق كۆپ ساندىكى سورۇنلار زىيرىكىشنى بېسىش، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىشنى مۇددىئا؛ ئىچىش، چېكىش، يېيىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئاشۇ سورۇنلار ئارقىلىق قۇرۇق پاراڭ، غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىمىز بازار تاپىدۇ. تەكرار ـ تەكرار ئاڭلاۋاتقان ناخشا ـ سازلاردىن نېمىشقىدۇر بىمەنىلىك ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىشمايمىز. بەزىدە ھاياجىنىمىز ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە يېتىدۇ ـ يۇ، بىراق بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. غەم ـ قايغۇلىرىمىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، سورۇنلىرىمىزدا قىق ـ چۇق سادالىرى، كۈلكە ـ چاقچاقلار ئۆكسۈمەيدۇ، ھەتتا ئەڭ كاتتا زىيالىيلار مىڭ تەستە جەم بولغان، ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك سورۇنلارمۇ، سازەندە ۋە چاقچاقچىنىڭ ئاغزىغا قاراش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزى سورۇنلاردىكى چەكتىن ئاشقان چاكىنىلىقلار ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بەزى سورۇنلاردىكى قىلىقسىزلىقلار كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، بەزى سورۇنلار شۇ قەدەر ئەھمىيەتسىزكى، نەچچە سائەتلەپ قاقسىق پۇراق ۋە دۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ مەنپەئەتى تېگىدىغان بىرەر جۈملە سۆزگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئاشۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابىنى تېتىپ كۆرگەن، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە قالغان نۇرغۇن كىشىلەر، گەرچە شۇ خىل چۈشكۈن تۇرمۇشتىن داتلاپ تۇرسىمۇ، باشقىچە يول تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئالغا ئىنتىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالغان، روھى ئۆلگەن بۇنداق كىشىلەر بېشىغا كەلگەننى كۆرمەي ئامالى يوق بولسا كېرەك. ئەنە شۇنداق مەززىسىز تەكرار ـ تەكرار سورۇنلار ئادەمدىكى كۆلپەتلەرنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋېتىدۇ. ناچار ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىش ھامان پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە يىلتىزداش بولىدۇ. شۇڭا ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەن بىر ئادەم، ئالدى بىلەن ھاياتنىڭ چۈشەكلىرىدىن، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر كونتروللۇقىدىن، كونا ئىدىيە قاراشلاردىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماي، روھىي جەھەتتە پاكلانماي تۇرۇپ مەزمۇندارلىققا تولغان يېڭىچە ھاياتنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى باسالمايدۇ.

«مال تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» دېگەندەك،
كىشلەر ئۆز ئېنېرگىيەسىگە ماس كېلىدىغان قاتلاملاردا يا-
شايدۇ. كۆڭۈللىرىنى كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان
ئادەم ئۆزىگە ئوخشاشلارنى تېپىپ ئارىلىشىدۇ. ئىدىيە
ئورتاقلىقى زىيالىيلارنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇپ
تۇرىدۇ. شىركىتىنىڭ ئىشى بىلەن بىر قولنى ئىككى قىلا-
مايۋاتقان دىرېكتورنىڭ، يۇقىرىقىدەك سورۇنلاردا قىممەت-
لىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشقا ھەرگىز تەبىئىتى كۆتۈرمەيدۇ.
پۇلدارلار نامرات ۋە ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىسمۇ،
لېكىن ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئالاقىدە بولالمايدۇ. ئۇنداق-
تا تۆۋەن ئېنېرگىيە قاتلىمىدىن يۇقىرىراق ئېنېرگىيە قاتلى-
مىغا ئۆتۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە
شەيخ سەئدى ئېيتقاندەك ئۆزىدىن ياخشىسىنى ئىزدەش
كېرەك! ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلار بىلەن ئالاقە
ئورنىتىپ ۋە بۇ خىل ئالاقىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز
يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېڭىچە غىدىقلىنىشلار ئارقىلىق ئىدىيە-
نى زەرەتلەپ تۇرۇش لازىم. ئىلغار ئىدىيەلىك كىشلەر-
نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش، بىلىملىك، ساپالىق، ئىش
ئۇقىدىغان كىشلەرنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ تۇرۇش، «بوسۇغى-
دىن ئاتلاپ بېقىش» يوللىرى ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى
كېڭەيتىش، ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى
ئۈلگە قىلىش، رىقابەتلىك مۇھىتقا دادىل يۈزلىنىش، نەپ
تېگىدىغان كىتاب - ماتېرىياللارنى ئوقۇپ تۇرۇش، پىكىر،
قاراش، ئاڭ ۋە ئىدىيەنى يېڭىلاشقا تۈرتكە بولىدىغان لېك-
سىيەلەرنى كۆپ ئاڭلاش، ئەتراپلىق سىېلىشتۇرۇشتىن ئۆزى-
نىڭ قايسى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلالايدىغان
بولۇش لازىم. ئەگەر سىز نادانلىق، موھتاجلىق، دىشۋار-
چىلىق ۋە كۈلپەت ئىچىدە داۋاملىق ياشاۋەرمەكچى بولمى-
سىڭىز، ئۆزىڭىزنى تەرەققىيات پۇرسىتىدىن چەكلەپ تۇرىدى-
غان ئاشۇ ئۈلپەتلىرىڭىز بىلەن سورۇنلىرىڭىزنى داۋاملاش-
تۇرۇۋېرىڭ. ھالقىماقچى بولسىڭىز چاكىنا ئادەملەرنىڭ كا-
شىلىسىدىن دەرھال قۇتۇلۇپ، ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە
بولىدىغان، ئىلغار پىكىرلىك ھەمراھلارنى ئىزدەڭ!

## ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ

بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرىلا بۈۋىمىز يۈسۈف
خاس ھاجىپ بىلىم ئېلىشنىڭ خاسىيتى ھەققىدىكى ھېكمەت
تەلقىنلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ دەپ بولغانىكەن. 1000
يىلدىن كېيىنكى يېڭى بىر ئەسىردە، يەنە كېلىپ بىلىم ئىگە-
لىكى دەۋرىدە ياشاۋېتىپمۇ، تۇركۈملەپ كىشلەرگە ئىلىم-
تېخنىكا ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ئەقەللىي داۋ-
لىنى بىلدۈرۈپ بولالماسلىق، ھەقىقەتەن كىشىنى ئازابلاي-
دۇ. ئەقىل - ئىدراكقا تايىنىپ ياشايدىغان ئىنسانغا نىسبە-
تەن خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ يىلتىزى ئىلىمسىزلىك ۋە ناداذ-
لىقتۇر. ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلى-
نىشقا ئېتىبارسىز قاراش ئىنسان قىممىتىنى ئەڭ تۆۋەن ئو-
رۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تارىخشۇناس ئارنولد تويىنبى:
«ئىجادىيەت ئىقتىدارى يوق مىللەت ياكى جەمئىيەت كەل-
گۈسىنى تونۇشقا يۈزلىنەلمەيدۇ» دېگەنىكەن. ئۆگىنىش ۋە
ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك بولغاندىلا ھايات يولى نۇرلى-
نىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي تونىڭمۇ كېلەچىكى پارلاق بولى-
دۇ، بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كارخانچى ھەبىبۇللانىڭ ئۆ-
گىنىش روھى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقان
بىر ئوقۇغۇچۇم ئەپسۇسلانغان ھالدا: «پۇلنى تاپقانسېرى
بىلىمنىڭ قەدرى شۇنچە ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا
تىرىشمىغىنىمغا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىمغا پۇشايمىنىم
كۆپ. شۇڭا ھازىر بىر تەرەپتىن تىجارىتىمنى قىلىپ، بىر
تەرەپتىن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىۋاتىمەن» دېگەنى-
دى. رىقابەتلىك دۇنياغا يۈزلەنگەندىلا بىلىمنىڭ قىممىتى
ھەقىقىي گەۋدىلىنىشكە باشلايدۇ. ئىلگىرى ئۆرلەپ
ئوقۇش پۇرسىتى نېسىپ بولمىغان، ھازىر نەچچە ئورۇندا
تارماق دۇكانلىرى بار، سودىسى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تى-
رىشچان بىر ياش بىلەن پات - پات پىكىرلىشىپ قالىمەن.
ئۇ بىلىمگە مەبلەغ سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ
يېتىپ، بىر يىلدىن بېرى پات - پات ئۈرۈمچىگە قاتناپ،
كۇرۇسلارغا قاتنىشىش، داڭلىق كارخانچى ۋە ئىقتىساد-
شۇناسلارنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاش يوللىرى بىلەن تەربى-
يەلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېيىغا نەچچە مىڭ يۈ-
ئەنلەپ پۇل كەتسىمۇ، لېكىن ئېلىۋاتقان نېپىگە نىسبەتەن
بۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى كۆپ ۋاقىتلىرى-
نى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىكەن. ئى-
چىملىك، چېكىملىك، شۇنداقلا مەنىسىز سورۇن ۋە يىغى-
لىشلاردىن قول ئۈزگىلىمۇ نەچچە يىللار بوپتۇ. دەسلەپتە
دوستلىرى ئۇنىڭدىن رەنجىپ بېقىپتۇ، بىراق پۇل تاپقانسې-

رى ۋاي دەيدىغانلار كۆپىيىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە نامراتلارنىڭ روھىي دۇنياسى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، كىچىككىنە ئىش بىلەن كۆڭلىنى ئېلىۋالغىلى، ئۆزىگە قارىتىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭغا ھازىر قۇرۇق پاراڭلار تېتىمايدىغان بولغاچقا ئىلىم ئىگىلىرى، كارخانىچىلار بىلەن كۆپرەك ئالاقىدە بولىدىكەن. دېمەكچىمەنكى، تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىگىنىگە ئوخشاش، ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى قانچە غۇربەتلەشكەنسېرى ئىلىمدىن ئۆزىنى شۇنچە ئەپقاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقلار ئۆزىنى ھەممىدىن خەۋەرداردەك ھېس قىلىشىدۇ. ئادەم قانچە بىلگەنسېرى بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى بىلىپ يېتىپ، بىلىم ئېلىشقا نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ، شۇنداقلا قىممەت ۋە ئۇنۇم قوغلىشىپ ياشايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئۆگىنىش روھى شەكىللەنگەن ئادەم مەنىسىز ئىش - ھەرىكەتلەردىن تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، قىممىتى يوق پاراڭلارغا شېرىك بولۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭچە ئىلگىرى ئادەتلىنىپ قالغان مەنىسىز دۇنياسىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، تەكرار تۇرمۇشنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، ئويغىنىشتىكى بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب، ئەھمىيەتلىك چوڭ سەكرەش ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن جاھان ئويغىنىپ كەتكەن شۇ كۈنلەردىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچماي قىممەتلىك ۋاقىتلارنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بىھۇدە سەرپ قىلىۋېتىشى ئادەمنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى قاشاڭلىشىپ، مېڭىسى تەپەككۇر قىلىشتىن توختىغاندا، ئىدىيەسى پۇچەكلىشىپ ھېسسىياتىنىڭ قولىغا ئايلىنىشقا باشلايدىكەن. ناخشا - سازغا نىسبەتەن زىيادە ھېرىسمەنلىك بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر. پسىخولوگلار ئىدىيە ۋە كەيپىياتنى قەلبنى قۇۋۋەتلەيدىغان دورا دېيىشىدۇ. ئەپسۇس ئىدىيە پۇچەكلەشسە، ھەتتا قىسمەتلىرىگە ئالقىش ياڭرىتىدىغان تەتۈر مەنتىقە كېلىپ چىقىدۇ. كۈلكىنى ئالساق، ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۈلۈشنى چوڭ مېڭىدىكى ئۈچ ئورۇننىڭ ماسلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، يەنى تەپەككۇرغا مەسئۇل ئورۇن ئالدى بىلەن كۈلكە ماتېرىيالىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ھەرىكەتكە مەسئۇل ئورۇن مۇسكۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا كەيپىياتقا مەسئۇل ئورۇن كۈلكىدىكى ھالەتنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايقىغان. دېمەك كۈلكىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ بىلىش ۋە ئىدىيەگە، ساپاغا باغلىق بولىدۇ، كۈلمەيدىغان ئىشلارغا كۈلۈپ، كۈلىدىغان ئىشلارغا كۈلمەسلىكمۇ نادانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەن سورۇن ۋە كېچىلىكلەردە ئادەتتىكى بىر لەتىپە ياكى چاقچاق، ئېيتۇتلاردىكى نوقۇل كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم لاۋزا پاراڭلارغا، بەزىلەرنىڭ كۈلۈپ شا بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىغا ھەيرانمەن. ئېنىقكى ئۇلارنىڭ كۈلكە ماتېرىيالىدا ئېغىر مەسىلە بار. ساپالىق ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپ بولغاچقا كۈلكىسىمۇ ئاز بولىدۇ، ئۇلار تايىنى يوق ئىش ئۈچۈن تېلىقىپ قېلىۋاتقانلارغا قاراپ ئازابلىق كۈلىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن مەنە كۈلكىنىڭ خۇرۇچى ھېسابلىنىدۇ.

پولات - تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى سېتىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەن ئىگىللىك تىكلىگەن بىر ياش ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى: يېقىندا ئۇ ئۈرۈمچىدە شىركەت قۇرۇپ نام چىقارغان ياش بىر ئايال دىرېكتورنىڭ ناھىيەمىزگە كېلىپ سۆزلىگەن بىر قېتىملىق لېكسىيەسىنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. 100 مىليون يۈەنگە كۈچى يېتىدىغان بۇ ئايال دىرېكتورنىڭ ناھايىتى ئاددىي - ساددا كىيىنىشى، كىچىك پېئىللىقى دەسلەپتىلا ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر بېرىپتۇ. گەرچە لېكسىيە ھەقسىز بولسىمۇ كارخانىچى ۋە تىجارەتچىلەردىن بولۇپ ئاران 20 گە يېقىن ئادەم يىغىلىپتۇ. يەنە كېلىپ بەزىلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كېلىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن لېكسىيەنى 50 مىنۇت كېچىكىپ باشلاشقا توغرا كەپتۇ. دىرېكتور ئايال 50 مىنۇت ۋاقىتنىڭ ساقلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىنىڭمۇ شۇ قەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم تەكلىپ بىلەن غۇلجىغا لېكسىيە سۆزلەشكە كەلگەنلىكىنى، ئەتە غۇلجا شەھرىدە سۆزلىنىدىغان بىر مەيدان لېكسىيە ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم 2700 يۈەندىن ھەق تاپشۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقىنى، بۈگۈن ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بۇ ناھىيەدىكىلەرگە ھەقسىز بىر مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى نىيەت قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ لېكسىيەسىنى باش

لاپتۇ. ئۇ كارخانا ئۇقۇمى، كارخانا مەدەنىيىتى، كارخانا باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ئادەملەرنىڭ ئالتە خىل تىپقا بۆلۈنىدىغانلىقى، قايسى تىپتىكى ئادەملەرنى تاللاپ ئىشلەتكەندە كارخانىغا ھەقىقىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقى، كارخانىغا نىسبەتەن ساداقەتمەنلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، بىلىملىك ئادەم بىلەن ئىقتىدارلىق ئادەمنىڭ پەرقى، ماركا ۋە ماركىنىڭ ئىناۋىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى دېگەندەك بىر قاتار ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى چىقىش قىلىپ، جانلىق ئەمەلىي مىساللار بىلەن سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ، بەزىلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ قاپتۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ ئىككى سائەت لېكسىيەسى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قاتتىق بىر سىلكىنىش پەيدا قىلىپ، قەلبىنى ئويغىتىپتۇ، كۆزىنى راۋۇرۇس ئېچىپ قويۇپتۇ. دەسلەپتە كۆڭلىدە ئەخمەق ئادەملەرلا 2700 يۈەن پۇل تۆلەپ لېكسىيە ئاڭلايدۇ دېگۈچىلەر، ئەقلىگە مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقاندەك بولۇپتۇ. ئايال دىرېكتور شۇ چاققىچە بىر كۈنىمۇ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنى توختىتىپ قويماپتۇ. يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە داۋاملىق مەبلەغ سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئەتىگەندە ئايروپىلان بىلەن شىياڭگاڭغا بېرىپ، داڭلىق بىر كارخانىچىنىڭ ئۈچ سائەتلىك لېكسىيەسىنى ئاڭلاپ، كەچتە يەنە ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنىكەن.

ئەسلىدە ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئۇبدان بىر ئورۇنغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىكەن. كېيىن ئىگىلىك تىكلەش ئىرادىسىگە كېلىپ خىزمەتتىن ۋاز كېچىپتۇ. بىراق ئىشلار ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ، رەھىمسىز رېئاللىق ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ تالاي ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ. يېنىدا پۇل قالماي ئاشخانىدا كۆتەكچى بولۇپ ئېيىغا 500 يۈەندىن ئىشلىگەن چاغلىرىمۇ بولۇپتۇ. شۇ پۇللارنى تېجەپ يۈرۈپ 5000 يۈەن پۇل يىغىپ، كىچىك بىر گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئېچىپ تىجارەتنى قايتىدىن باشلاپتۇ. نۇرغۇن مۇشكۈلاتتىن كېيىن پۇلى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئارىلىقتا ئىنگلىز تىلى كۇرۇسلىرىغا قاتنىشىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپتۇ. ھەم بىر ئاماللارنى قىلىپ، بىلىم ئېلىش ئېھتىياجى تۈپەيلى ئامېرىكىغا چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇپ كېلىپتۇ. گەرچە بۇ جەرياندا ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەي ئاخىر مۇشكۇلاتلار ئۈستىدىن غالىب كەپتۇ.

مەنمۇ بۇ ھېكايىدىن تېگىشلىك ئىلھامغا ئېرىشىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇرمەنلىرىمنىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئۈلگىنىڭ كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق تېپلارنى تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كۆز ئالدىمىزغا: تاپقان پۇلىنى كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت ئېلىپ ئۆزىنى ياساشنىڭ غېمىدە يۈرگەن، ئۈچىسىدىكى كىيىم ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان، ساپالىق ئانا بولۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەي چايلارغا يېتىشىپ بولالماي تالىجىقىپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم ئاۋارە ئانىلار؛ ھاياتنى سورۇنلارغا خەجلەۋاتقان، دوقمۇشلاردا كۈنلەپ- كۈنلەپ ۋاقىتنى قۇرۇق پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بىغەم ئادەملەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋالدى. ئاڭلىسام بىر قىسىم شۆھرەتپەرەس قارا قورساق بايلار ئەتىگەندە ئايروپىلان بىلەن يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ يەپ- ئىچىپ ئويناپ، كەچتە يەنە ئايروپىلان بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېلەرمىش. بۇ نېمە دېگەن نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق - ھە؟! مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى بىر شېئىرىدا: «قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەرىكەت ساز» دەپ يازغان بولسا؛ لىنكولىن: «قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق سەۋەب، دەل پايدىسىز ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر» دېگەنىكەن.

ئۆزلۈك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەر بىر مىنۇت ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان روھقا ئىگە بولۇش ۋە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، ساغلام روھىي ھالەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتنى يارىتىشقا، كىشىلىك ئالاقىگە ماھىر بولۇپ مۇناسىۋەت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا، زىيادە ئېھتىياتچانلىقتىن ساقلىنىشقا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دادىل يۈزلىنىشكە، تېخىمۇ مۇھىمى ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.




تۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان، بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا دەپ بەرمەيدىغان، بىلمەيدىغانلارمۇ بىلىشنى خالاپ كەتمەيدىغان بىر جاي بار. سەگۈ تېرەكلىرى، قارا سۆگەتلىرى ئېتىز - ئېرىقلىرىنى، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يوللىرىنى، ئۆرۈك، شاپتۇللىرى، توغاچ، ئالۇچىلىرى كىرگەن، كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغان باغبارانلىرىنى چىرايلىق بېزەپ تۇرىدىغان، ئادەملىرى ساددا، خۇشخۇي، باغرى قاتتىق، ناخشا، مەشرەپكە ئامراق، كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى ئاشكارا قىلمايدىغان بۇ مەھەللىدە نامى چىققان بىر كىشى بار. شۇ نامدار كىشى بىلەن بىللە بۇ مەھەللىنىڭمۇ نامى ھەممە يەرگە تارىلىپ كەتتى. «ئوسمان راۋاب» بىلەن بۇ مەھەللە بىراقلا ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىغا چىقتى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قەدىر قىممىتى نام- ئاتاق بىلەن ئۆلچىنىدىغان، ئالتۇندىن پۇتكەن بولسىمۇ نامى بولمىسا ھېچكىم نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدىغان بۇ جاھاندا ئاتىقى چىققان بولسا يانتاق باسقان دۆڭمۇ پۇل ھەم ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ،كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سېھرىي كارامەتلىرى كۆككە كۆتۈرۈلسە، قوي، ئۆچكىلەرمۇ تەستەرەك يەيدىغان جاڭگال قومۇشى بىلەن قورۇما تەييارلاپ بەرسە ئۇ سىزگە ھەم ماڭا شۇنداق تاتلىق، يېيىشلىك، مەززىلىك بىلىنىپ، تەمى ئاغزىمىزدا قېلىشى مۇمكىن. ئىش تەمى ئېغىزدا قېلىش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، يەنە ئەتىسى ئۆزىمىزنى ناھايىتى يېنىك، كۈچلۈك، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ سېزىشىمىز مۇمكىن. بىراق سىز مەيلى ئۆزىڭىزنى قانداق راھەت سېزىڭ، قانداق كۈچلۈك ھېس قىلىڭ، كۆڭلىڭىز قانچىلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن، ئۇ بەرىبىر قومۇش. بىر نەرسىنى ماختىغانغا تەم، قۇۋۋەت كىرىپ قالمايدىغانلىقىنى، كۆككە كۆتۈرگەنگە بەخت ئامەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىراق بىز ھاياتتىكى ئۇششاق ئىشلاردا ئالدىنىشقا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەملەر.ئىش كۆپىنچە شۇنداق بولۇپ قالسىمۇ، بىراق ئوسمان راۋابنى داڭلىغانلارنى ھېلىقى گەپ بىلەن بىرنېمە دېيىشكە ھەققىمىز يوق. ئۇنى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، نامراتمۇ، بايمۇ، ھەممىسى ماختىدى. ھېچكىم ئۇنى ماختاشقا، داڭلاشقا مەجبۇر قىلمىدى. ھەممىلا ئادەم ئۆزلىكىدىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ماختىدى. كۆككە كۆتۈردى. ھەممىلا ئادەم ئۆزلۈكىدىن قايىل بولغان، رازى بولغان، پەخىرلەنگەن ھەم ھېچبىر تاماسىز داڭلاشقا ئېرىشكەن بۇنداق ئادەمدىن گۇمان قىلىش، ھەم ئۇنى بايا دېگەن قومۇش توغرىلىق گەپ بىلەن ئۇدۇللاش بىھاجەت.

ئەدەبىيات گۈلزارى

يەتمىش يېشىغىچە مۇشۇ مەھەللىدىن چىقماي ياشاپ، نام ئەملى مۇشۇ مەھەللىنىڭ تېشىغا چىقالمىغان ئوسمان راۋاب جاھاننىڭ كەڭرىلىكىنى، ياقادەڭدىن باشقا يەنە ئاجايىپ ئادەملەر ياشايدىغان ئاجايىپ يەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. يەنە دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى، ئالەمنىڭ بىپايانلىقىنى چۈشىنىدىغان، ئاجايىپ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئاجايىپ ئادەملەر بۇ جاھاندا ئوسمان راۋابنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق ئۇشتۇمتۇت بىر پۇرسەتتە ئوسمان راۋاب ناھايىتى تەلەيلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. پېشانىگە ئېلىپ قويۇقان دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. يەنە بىر ئويلىغاندا ئۇنى بۇرۇن ھېچكىم بىلمەيتتى دېگىلىمۇ بولمايدىغاندەك. خېلى ئادەملەر تونۇيتتى. مۇشۇ كىچىككىنە مەھەللىسى، مۇشۇ يەرگە يارىشا نامى بار كاتتىلار، يەنە يېزىنىڭ ئۆزى ياش تۇرۇپ بەك بالدۇر سەمرىپ كەتكەن باشلىقى، ئاندىن مەتتوختى ھاكىم دېگەندەك بىر نەچچە كىشىلا بىلىدىغان ئوسمان راۋابنى ھازىر ھەممە كىشى، ناخشا ئاڭلايدىغان، ناخشا ئاڭلاشقا ئامراق ياكى ئۆچ بولسۇن ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتتى. ناخشىغا ئامراقلارغۇ ئابايىلا بىلدى، ناخشا بىلەن خۇشى يوقلارمۇ بىلىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىنى ئاڭلىمايمەن دېيەلمۇ ئامالى يوق. چۈنكى ئۇ ھەممىلا يەردە ياڭرايتتى، ئاشخانىلاردىن، لېنتا دۇكانلىرىدىن، ماشىنىلارنىڭ ئۈنئالغۇلىرىدىن، يەنە بىر قانداق ئىشقىلىپ لېنتا قويغىلى بولىدىغانلىكى ھەممە نەرسىدىن بۇ ناخشا ياڭراپ تۇراتتى، بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ مەن ناخشىغا ئۆچتىم، ئاڭلىمايمەن دېيەلەيدۇ. قۇلاقنى ئېتىۋېلىشنىڭ ئورنى يوقتە. ناخشا بەك يېقىشلىق، بەك يۇمشاق، بەك ئۆتكۈر، بەك... ئىشقىلىپ سانساق بىر مۇنچە گەپ بولىدۇ، «ناخشا ناخشىدەكلا ناخشا». شۇنداق قىلىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرسەك ئوسمان راۋابنىڭ ناخشىسىنى، ناخشىسى بىلەن قوشۇپ ئوسمان راۋابنى، ئوسمان راۋاب بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ كىچىككىنە مەھەللىسىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى ھەش-پەش دېگۈچە كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان، ئاڭلاشنى خالايدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ناخشىغا ئايلاندى. بۇ ناخشىنى ناخشىچىلار، ناخشىغا ھەۋەس قىلىدىغانلار، ناخشىچى بولغۇسى بارلار، يەنە ئۆزىنى زورمۇزور ناخشىچى ھېسابلاپ يۈرىدىغانلاردىن تارتىپ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئېيتىپ باقتى. بىر زامانلاردا ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» ناملىق كىنوسىنىڭ ناخشىسىنى خەقلەر مانا شۇنداق زوق بىلەن ئېيتىشىپ يۈرەتتى، مانا شۇنداق بىر ئىش بولدى، ئوسمان راۋابنىڭ ناخشىسىنى ھەممەيلەن ئېيتىپ باقتى. ئەلۋەتتە ئېيتىپ باققانلاردىن ئاڭلاپ باققانلار كۆپ بولدى، ئاڭلاپ باققانلار ئىچىدە يەنە ماختىغانلار، ئوسمان راۋابنى كۆككە ئۇچۇرغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. ئوسمان راۋاب ئۆچۈن ھېچقانچە بىلىنمەيدىغان، بۇ يەردىكى كىشىلەر، مەتتوختى ھاكىمدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئۇلارغا ھېچقانچە ئۆزگىچە بىلىنمەيدىغان بۇ ناخشا بىردىنلا داڭق چىقىرىپ كەڭ ئالەمگە يېيىلغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلاپ كەلگەنلەر دەسلەپ ھەيران قېلىشتى، مەڭدەپ قېلىشتى، «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، كۆزى ئوچۇق كور، قۇلىقى ساق گاس بولۇپ يۈرگەنلەر ھەيران-ھەس بولۇپ قېلىشتى، ئارقىدىن خەق ماختىسا، كۆككە كۆتۈرسە تەڭ ئەگىشىدىغان «ئادەت» بويىچە ھەممەيلەن ماختىغانلارغا ئەگىشىپ ماختايدىغان، ئاڭلىغانلارغا ئەگىشىپ ئاڭلايدىغان، ئېيتقانلارغا ئەگىشىپ ئېيتىدىغان بولۇشتى، بۇ ناخشا بايا دېگەندەك ھەممە يەرگە يېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان راۋابنىڭمۇ نامى چىقتى، ئۇنى ھەممەيلەن تونۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تارتىنچاقلىق يوشۇرۇنغان تەبەسسۇملۇق چىرايى كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتتى. ئوسمان راۋابنىڭ نامى چىقىشى بىر قالتىس ئىش ئىدى. ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئۆزىنى-ئۆزى ماختاپ باقمىغانىدى. يەنە بىركىممۇ ئۇنى ماختاپ يۈرمەگەنىدى. پەقەت يېقىشلىق ناخشىسىلا جاھانغا كەڭ تارقالغانىدى. ئوسمان راۋاب بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا نام چىقىرىپ قېلىشنى، خەقلەرگە ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ نامى جاھانغا پۇر كەتتى. ھەممىلا ئادەم ئۇنى بىلىدىغان، ئۇنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ ناخشىسىنى دوراپ ئېيتىدىغان، ئەگىشىپ غىڭشىيدىغان بولۇشتى. نام، ئاتاقنا ئېرىشىشتە بۇنى قومۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنېمەلەرنى ماختاپ، جاھاندا بىر قىلىۋېتىدىغان ئىشلار بىلەن

پەقەت بىر يەرگە قويغىلى بولمايدۇ. ئوسمان راۋاب ھەر ياندىن كېلىۋاتقان ئالقىش، تەبرىك، قايىللىق، ماختاشلار ئىچىدە گاڭگىراپ قالدى، خۇشال بولدى. ھۆرمەت، ئىززەتكە كۆمۈلدى. ياخشىلار تەڭ كۈلۈشتى، تەڭ شادلىنىشتى.

— بالام ...

ئوسمان راۋاب دېمى سىقىلغاندەك، يۈرىكى قىسىلغاندەك يەنە قاندىقتۇر بىر نەرسىلەر باش ئۈستىدىن ئاستا-ئاستا ئۇنى بېسىۋالغاندەك بىر سېزىم ئىچىدە دۇدۇقلاپ قالدى.

— نېمە بولدى، — يىگىت ئوسمان راۋابنى تونۇمايدىغاندەك قىلاتتى. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر تونۇپ كەتكەن ئوسمان راۋابنى مۇشۇ كىشى تونۇمايدىغاندەك قىلاتتى. تونۇسىمۇ پەرۋا قىلمىدىغاندەك ئەمەس. ئوسمان راۋاب شۇ چاغدىلا بۇ جاھاننىڭ بەك كەڭرىلىكىنى، كەڭرى بولغاندىمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك كەڭرىلىكىنى، ئۆزىنى تېخى ھەممىلا ئادەمنىڭ تونۇپ بولالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكى، چىرايلىق-سەتلىكى، ئورۇق-سېمىزلىكى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. بىراق ھېلىقى ناخشا بىلەن ئۇنىڭ نامى تارالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتكەندەك، تونۇپ كەتكەندەك، ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە كۈلۈپ قارايدىغاندەك، ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. ھازىر مەڭدەپ قالدى. تەمتىرەپ قالدى. تۇنجى قېتىم ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە كۈلۈپ تۇرۇپ سالام بەرمەيدىغانلىقىنى، يىراقتىن قول ئۈزىتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئۆزىنى بىر كىملەرنىڭ تونۇيدىغان-تونۇمايدىغانلىقى بىلەن كارى يوق ئىدى، تونۇسىمۇ، تونىمىسىمۇ ئۇنىڭغا بەرىبىر ئىدى. بىراق ئۇشتۇمتۇت بوران كۆتۈرۈلگەندەك نام ئاتاق ئۇنى ئۆزىنىڭ چاڭ-بوغۇناقلىرى ئارىسىغا كۆمۈپ، ئۇنى كۆندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئارقىدىن يەنە يوقاپ كەتسە بۇ ئۇنىڭغا سەل ئېغىر كەلدى. يوقاپقۇ كەتمىدى، پەقەت ئۇنىڭغا مۇشۇ مىنۇتتا يوقاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ قالدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا پەقەت پەرۋا قىلمىدى. كۆزەينەك ئاستىدىكى مېھىرسىز كۆزلىرىنىڭ سوغۇق چاقناشلىرىدىن بىر كىمنىڭ يۈرىكىدىن قان چاچراپ چىقىۋاتسا مىت قىلماي قاراپ تۇرالايدىغان ئادەملەردە بولىدىغان، جاننى قاقشىتىدىغان مۇزدەك سوغۇقلۇق بار ئىدى.

— پۇل بولمىسا راستىلا بولماسمۇ...

ئوسمان راۋاب تا مۇشۇ كۈنگىچە جاننىڭ مۇنداق تاتلىقلىقىنى بىلمەيلا ياشاپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ داۋالانمىسا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ... ئۆلۈكۈم يات يەرلەردە قالارمۇ، بالىلىرىمنى، تۇغقانلىرىمنى، ماڭا ئامراق ئادەملەرنى، مەن ئامراق ئادەملەرنى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ۋايسىمەيتتى. خىياللىرى بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى. تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى. نەپىسى نەپسىگە يەتمەيتتى. ئەزرائىلنىڭ قارا قوللىرى خۇددى ئۇنىڭ كانىيىدىن مەھكەم سىقىۋالغاندەك ھېچ تىنالمايتتى. ھاياتنىڭ يورۇق ساھىللىرى ئۇنى چىللاۋاتاتتى، ئۇنىڭ شۇ يەرلەرگە بارغۇسى، بۇرۇنقى خۇشال، ساق، بەردەم كۈنلىرىگە قايتىپ كەتكۈسى بار ئىدى. ئۇ ساقىيىپ كېتىشنى، يەنە يۇرتىغا قايتىشنى، بالىلىرىنى، مەھەللىدىكى بۇرادەرلىرىنى، يەنە كۆزىگە سىڭىشىپ قالغان، كۈندە كۆرۈشۈپ چاقچاقلىشىپ ئۆتىدىغا كىشىلەرنى، كوچىلاردا توپا توزۇتۇپ ئوينايدىغان باللانى، كۆپكۆك قومۇش ئۆسكەن، كۆڭۈلگە راھەت، ئاراملىق بېرىدىغان، ئازادىلىك ئاتا قىلىدىغان كۆللەرنى، يايلاقلارنى، جاڭگاللارنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى. شۇ ھالدا بۇ نەرسىلەر ئۇنى تاشلاپ كېتىدىغاندەك، ئۇ بۇ قەدىردان نەرسىلەردىن مىنۇتسېرى يىراقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداق بىر قارا سېزىم، قورقۇنچلۇق بىر شەپە ئۇنى قەدەمدە بىر پۇتلاشتۇرۇۋاتتى.

— قانداق ئادەمسىز... بۇ دېگەن بىكارغا كېسەل داۋالايدىغان يەر ئەمەس.

ئوسمان راۋاب ئۇنىڭ پەلپەتىش گەپلىرىنى تەستە چۈشەندى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خۇددى دىۋانىگە قارىغاندەك يىرگىنىش ئىچىدىكى نەزەرى ئوسمان راۋابنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. كۆڭۈل ئاغرىقى، قىيداش، بىچارىلىك ئۇنى مىنۇت ئىچىدە مۈكچەيتىۋەتتى. بىراق ھازىر بىردەمدىلا نەچچە ھەسسە مۈكچىيىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئاچچىق بىلەن، ئەلەم بىلەن، ئىزا ئىچىدە غودۇرىدى: بىر ئۆمۈر راۋاب چالدىم دەپ يۈرگىچە مەدد-

كارلىق قىلىپ بولسىمۇ پۇل تاپسام بوپتىكەن. بالامدىن بالامغا دەرمەن، ساز چالغان، ناخشا ئېيتقاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، ئويۇن-كۈلكە بار يەردىن يىراق قېچىڭلار دەپ. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق غۇدۇراپ باقمىغان، ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ قىلىپ كەلگەن ئىشىدىن، تۇرمۇشىدىن، كۆڭلىدىن نارازى بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ماختاشلارغا، ئۇچۇرۇشلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىلىپ بىلمەي كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن، ناخشا ئېيتىشنى بىلىدىغانلىقىدىن، مۇشۇنداق ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى ئېيتالايدىغان ناخشىچى بولۇپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنگەنىدى. ئۇنى ماختىغان، كۆككە كۆتۈرگەنلەرنىڭ گەپلىرى راستتەك تەسىر بېرەتتى. ئۇنى ماختىغانلار شۇنداق جىق ئىدى، شۇنداق چىرايلىق ماختايتتى، ماختاش سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. تازا دىققەت قىلمىغاندا ئاڭقارغىلى بولمايتتى، چۈشەنگىلى بولمايتتى، ئۇنى ماختىغان سۆزلەر بەك كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ دەماللىققا يادىغا يەتكىنى: بۇنداق كاتتا ئادەمدىن بىرەر 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى چىقىدۇ، دېگەن گەپ بولدى. بۇ گەپلەرنى كىم دېگەن بولغىيتتى. ساقال ئاقارغىچە ياشاپ تېخى ھەممىلا يەرنى كۆرۈپ بولالمىغان يۇرتىدىمۇ بىرەر 100 مىڭ ئادەم بولۇشى ناتايىن، دېمەك مۇشۇنداق كاتتا يۇرتتىنمۇ ئاران بىرسى چىقتى دېگەن گەپ. ئۇ شۇنچە ئەسلەپمۇ كىمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى دەماللىققا يادىغا ئالالمىدى، بىراق شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بېشى كۆككە يەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ بۇنداق قالتىس ئادەملىكىنى بۇنچىۋالا كېچىكىپ بىلگەنلىكىدىن دەسلەپ ئۆكۈنگەن، ئارقىدىن بۇ خىياللىرىدىن ئۆزى نومۇس قىلىپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى، ئۇسسۇزلۇق جېنىنى قىينىدى. ھەممىدىنمۇ مۇھىمى ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان خورلۇقتىن ۋۇجۇدى يالىلداپ كۆيۈپ، روھى كىملەرنىڭدۇ ئاياغ ئاستىدا يانچىلىپ كەتتى.

• • •

مەشرەپ جان جەھلى بىلەن داۋام قىلاتتى. مەشرەپ دېسە جېنىنى، قېنىنى، قېرىندىشىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ مەشرىپى ئوت بولۇپ، ئاتەش بولۇپ ياناتتى، لاۋا بولۇپ يالقۇن پۈركۈيتتى. كەلكۈن بولۇپ، سەل بولۇپ دەۋرەيتتى. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارى بىلەن ئوخشىمىغان ئورۇن، ئوخشىمىغان جايدا، ئوخشىمىغان كۆرپىدە، ئوخشاشمىغان كىگىز، پالاسلاردا ئولتۇرۇشقانىدى. ناخشىلار جان تومۇرلار كۆپۈپ يېرىلىپ كەتكۈچە ئېيتىلاتتى. ئۇسسۇللار يەرنىڭ باغرى ئېزىلىپ كەتكۈدەك كۈچ بىلەن ئوينىلاتتى. يەنە دېسەك ئويۇن دېسە ھەممىدىن كېچىدىغان، ئويۇن دېسە قولىدىكى نېنىنى، يەۋاتقان ئېشىنى، ئىچىۋاتقان سۈيىنى تاشلاپلا ئۆزىنى ئاتىدىغان ئادەملەرنىڭ مەشرىپى يۈرەكلەرگە ئاجايىپ تەسىرلەرنى بېرىپ داۋام قىلاتتى. يەنە قايتا دېسەك مەشرەپ دېسە قىلىۋاتقان ئىشىنى، تۇتۇۋاتقان سۈيىنى، ئورۇۋاتقان ئورمىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشنى ئەيىب كۆرمەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەشرىپى مەستۇمۇستەغرەقلىق ئىچىدە داۋام قىلاتتى. جانغا راھەت بېرىدىغان، جانغا ئازادىلىك بېرىدىغان، جاننى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئورۇنغا قويىدىغان مەشرەپ كۈلكە تۇمانلىرى ئىچىدە جاراڭلايتتى. بىر ئادەمگە تۇمۇ تەگسە پۈتۈن جامائەتنى دەرتكە شىپا دورا بولۇشقا باشلايدىغان مەشرەپ كۆكلەردە ياڭرايتتى. بىرسىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ قالسا ھەممە ئادەمنى باشلاپ قولى قىسقا نامراتنى بىردەمدە ھاللاندۇرۇپ قويالايدىغان مەشرەپ كۈچ بىلەن، زەرب بىلەن، ماتانەت بىلەن جاراڭلايتتى. بىر زامانلاردا ئۇسمان راۋاب قىزىتىپ ئوت چىقىرىدىغان مەشرەپ ئۇسمان راۋاب بولمىسىمۇ، ئۇسمان راۋاب راۋاب چالمىسىمۇ، ئۇسمان راۋاب ناخشا ئېيتمىسىمۇ، راۋابى بىلەن بۇلبۇلنى، كەكلىكنى، تومۇچۇقنى، يەنە بىرقانداق جانىدارلارنى دوراپ بەرمىسىمۇ يەنە شۇنداق قىزغىن، يەنە شۇنداق چىرايلىق داۋام قىلىۋاتاتتى.

سورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا، ئەڭ كاتتا، ئەڭ ھۆرمەتكە لايىق مېھمان ئولتۇرىدىغان تۆردە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا، ئېچىلىشقا، مۇنۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ بېرىشكە شۇنچە تىرىشىپمۇ كۈلەلمىگەن، كۈلۈمسىرىيەلمىگەن، كۈلۈشكە، كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپمۇ ھېچبىر ئامال قىلالمىغان مەتتوختى ھاكىم تەرلەپ-پىشىپ ساز چېلىۋاتقانلارغا، جان جەھلى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارغا ناخۇش بىر نەزەر بىلەن جىممىدە قاراپ ئولتۇراتتى. پالتۇكتا ئولتۇرغان سازەندىلەر ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ، گۆرەن تومۇرلىرىنى

كۆپتۈرۈپ، بېشىنى، بوينىنى، يەنە مۈرىلىرىنى ھەريان ئېتىپ جان جەھلى بىلەن ساز چېلىشىۋاتاتتى. ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى.

بىرچاغدا مەتتوختى ھاكىم قىزارغان كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ سورىدى:

— ئوسمان راۋاب كۆرۈنمەيدىغۇ، ئۇ بولمىسا خۇددى تۇزى كەم تاماق يېگەندەك سورۇن تېتىمايدىكەن ئادەمگە.

مەتتوختى ھاكىم سېمىزلىكتىن ئۆزىنى جۇغقۇرالماي قالغان، ياش تۇرۇپ بەك بالدۇر سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتكەن يېزا باشلىقىغا قارىدى، يېزا باشلىقى چىمەن دوپپىسى كىرلىشىپ كەتكەن كەنت باشلىقىغا ھۆرپەيدى. كەنت باشلىقىنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ئىككى ياققا قاراپ قىمىدىنىپ قويۇپ يوغان كېلىپ قالغان شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كەنت بوغالتىرىغا ھومايدى. بوغالتىر ئىككى ياققا قاراپ قويۇپ كېكەچلىدى.

— ئوسمان... راۋاب ئاشۇ... ھېلىقى... داۋالانغىلى كېتىپتۇ ئاندىن...

— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا، — مەتتوختى ھاكىم يېزا باشلىقىغا قاراپ قويدى. بۇ سوئالغا يەنىلا بوغالتىر جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى.

— دېمى تۇتۇلۇپ... تىنالمايدىغان بولۇپ قاپتىكەن...

— دەپ قويۇڭلا، ئوبدانراق داۋالىنىپ ساقايسۇن، بۇ ئاداش بولمىسا سورۇن قىزىمايدىكەن.

ھاكىم ھېچكىم دېيەلمەيدىغان گەپتىن بىرنى دېدى، ھېچكىم ئويلىيالمايدىغان ئىشتىن بىرنى ئويلىغانىدى. ئوبدانراق داۋالىنىپ ساقىيىش كېرەكلىكىنى،ساقايسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوسمان راۋابتەك مەتۇ ئادەملەر مەڭگۈ ئويلاپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. داۋالىنىپ ساقايسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى يۇرت سورىغان مۇشۇنداق چوڭلارلا دېيەلەيدۇ. ھاكىمنىڭ سەل قاتتىقراق تەلەپپۇزدىكى بۇ گېپىدىن قارىغاندا ئوسمان راۋاب ياخشى داۋالىنىپ ۋاقتىدا ساقايمىسا ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپى، جۇدۇنى تۇتۇپ قالغۇدەك بولسا سالىدىغان بىرەر يېرىم تەستىكى باردەكمۇ قىلاتتى.

پەگاننىڭ يېنىدا داپ، دۇتار، تەمبۇرلىرىنى تۇتۇشۇپ ئولتۇرغان، ئەتىگەننىڭ ياقى ساز چېلىپ ھالى قالمىغان، ھاردۇق يەتكەنلىكى، قورساقلىرى ئاچقانلىقى، ئۇسسۇغانلىقى تەرىدىن چىقىپ تۇرغان بىر نەچچە سازەندە ھاكىمنىڭ گېپى بىلەن ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

— مەن قايتاي، كېلەركى ئايدا مۇشۇ ياقلارغا بىر ئۆتىمەن، قالغىنىنى شۇ چاغدا ئوينارمىز. مەتتوختى ھاكىم ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قوزغىلىشى بىلەن ھەممەيلەن تەۋرەپ كەتتى.

— ئۆزلىرىگە بىر پىيالە چېيىم بار ئىدى مېنىڭ، — توپ ئىچىدىن بىرەيلەننىڭ ئايال كىشىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئىنچىكە، سوزۇنچاق ئاۋازى ئاڭلاندى. چىمەن دوپپىسى ئۆزىگە ياراشقان، بۇرۇتلۇق كىشى يورغىلاپ كېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئەمدى شۇ ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا ھاكىم، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن بىر پىيالە چاينى بىللە ئىچكۈم بار ئىدى. شۇڭا ئەتە كەچتە ئۆزلىرىگە بىر چاي بەرسەم، ئاتاپ قويغان بىر توپىقىم بار ئىدى ئۆزلىرىگە، شۇنى سويۇپ ئاندىن...

— توپاق... — ھاكىم ھەيران بولۇپ قايتا سورىدى.

— شۇنداق، ئالدىنقى بازاردا 3000 يۈەنگە بەرمىگەن ئۇنى.

— بولدى، بۇنداق قىلماڭلار، بۇ بەك چوڭ بوپ كېتىپتۇ، توپاق سويىمەن دېسەڭلار، خەق ئاڭلىسىمۇ بىر قىسىملا تۇرىدىكەن.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ھاكىم، توپاق ئۆزۈمنىڭ، كىمگە سويىمەن، قانداق قىلىمەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ئۇنى سىلىگە ئاتىدىممۇ بولدى، سويغىنىم سويغان.

سورۇن ئەھلى تەۋرەپ كەتتى. نۇرغۇن كۆزلەردە ھەۋەس، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كۆزلەردە ھەسەت يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قانداق تۇيغۇلارنىڭ يېشىل، كۆكۈش، سېرىق، قىزغۇچ ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان كۆزلەر... بىر-بىرىگە ئاچچىق بىلەن، ئەلەم بىلەن، يەنە ھەممە دەردلىرىنى چىرايلىق كۆلكىلەر ئارىسىغا يوشۇرغان كۆزلەردىكى كۆلكىلەر كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. مەتتوختى ھاكىم گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە توپاق سويۇشىنى ياقتۇرمىسا كېرەك. بۇنداق چاغدا ياقتۇرمىسا كېرەك دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. بىراق ھاكىمنىڭ زادى

قانداق ئويلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئىشقىلىپ توپاق سويۇشقا ماقۇل بولماسلىقى، جاھىللىق قىلىپ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشىدا نېمە سەۋەبنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. بەك مېھرىبان، بەك شاپائەتچان بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە يېلىنىپ يالۋۇرۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىنىنى چۈشەنمەك بەك تەس ئىدى. گەپلىرى قايماقتەك، شېكەردەك، ھەسەلدەك ئادەملەر ئارىغا چۈشۈپ سالا سۆلھى قىلدى. قاملىشىپ قېلىشنى ئۆتۈنۈشتى. يەنە بەزىلەر جاننىڭ ئامانەت ئىكەنلىكى، يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكىچە كىم بار، كىم يوقلۇقىنى نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. يەنە توپاقتىن ئۆتۈپ ئۆكۈز سويغىسى بارلار، بىر نەچچە قوي، ھېچ بولمىغاندا پاقلان ئاتاپ قويغانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. بارا-بارا قۇلاققا ئۈن كىرمىدى. ئۈن كىرمىدىلا ئەمەس، قۇلاقلار ئاغرىپ كەتتى. قىزغىن ئۆتۈنۈش، قىزغىن يالۋۇرۇشلارنىڭ ئەۋجىدىن، شاۋقۇنىدىن مېڭىلەر چاراسلاپ كەتتى. قۇلاقلار بايا دېگەندەك راستلا ئاغرىپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ ھاكىمغا ئاتىغانلىرى بار ئىدى، ھاكىم ياق دەپ قالسا ئاتاپ قويغان قويلىرىنى، پاقلانلىرىنى، توپاقلىرىنى كىمگە سويىدۇ. كىم دۇئا بېرىدۇ. ئاتىۋەتكەن نەرسىنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنى مەتتوختى ھاكىمغا سويۇشى لازىم، چۈنكى ئۇ ھاكىم، يۇرتنىڭ بېشى، يۇرتنىڭ ئاتىسى، باش بولغانلارنى، ئاتا بولغانلارنى ئۇلۇغلاش، بار-يوقنى ئاتاش دېگەن قەدىمدىن بار ئىش. بۇرۇندىن قالغان ئۇدۇم.

— ئەمدى مېنى تەڭلىككە قويمىغان بولساڭلار... — ھاكىم قىيىن ئەھۋالدا قالغاندەك قىلاتتى، — بىرىڭلارنىڭكىگە بارسام بىرىڭلار قالغۇدەكسىلەر، قانداق قىلسام بولار.

— ھەممىمىزنىڭكىگە كىرىۋېلا ھاكىم، مېنى قانداق بىي...

— بولدى، ھەرقايسىڭلارنىڭ يۈزى چوڭ كەلدىدە، ئەمدى بۇيەردىن بىرەر ھەپتىگىچە ماڭغىلى بولمىغىدەك... بوپتۇ.

ئالامان شادلىققا چۆمدى، ھاكىمنىڭ كەتمەيدىغانلىقى، يەنە بىر نەچچە كۈن مۇشۇ يەردە قالىدىغانلىقى، مېھمان بولىدىغانلىقى، كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى قالتىس ئىش بولغانىدى. ھەممە ئادەم خۇشال بولۇۋاتقان، قىن-قىنىغا پاتمايۋاتقان، شادلىقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان مۇشۇ سورۇندا خۇشال بولالمىغان، خۇشاللىققا جۆر بولالمىغان، كۈلەي دەپ كۈلەلمىگەن، كۈلۈشكە ئامال قىلالمىغان بىر ئادەم گاڭگىرىغان، تەمتىرىگەن ھالدا ئالامان ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. سەلەي ناغرا خۇشاللىققا جۆر بولالماي، كۈلكىگە قېتىلالماي خۇشاللىققا چۆمگەن ئادەملەر ئارىسىدا ئوڭايسىز بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئۇ راستىنلا گاڭگىراپ قالغانىدى، ھەممە ئادەم قىلغان ئىشنى قىلسا ئىش ئوڭغا تارتىدۇ، بىراق سەلەي ناغرىنىڭ كەيپى باشقىلاردەك خۇشال ئەمەس، ھاكىمنىڭ كەتمەيدىغان بولغانلىقىدىن، يەپ-ئىچىشنىڭ، مەشرەپنىڭ، ئويۇن-تاماشىنىڭ، يەنە بىر قانداق ئىشلارنىڭ يەنە نەچچە كۈن داۋام قىلىدىغانلىقىدىن ھەممە ئادەم شۇ قەدەر خۇشال، شۇ قەدەر رازى. بىراق مۇنۇ سەلەي ناغرا ھېچ خۇشال بولالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى بىر-بىرىدىن ئۆتە پەلپەتىش ئىدى. ھاكىم بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ئۇزاق تۇرسا، مەشرەپكە، يەپ-ئىچىشكە قاتناشسا بۇنىڭ ۋاي دېگۈدەك نېمىسى بار. توقلۇق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان ھاكىمغا داستىخان سېلىۋېلىش بۇ خەقكە نېمىشقا زۆرۈر بولۇپ قالدى. خوتۇن-بالىلىرىنىڭ قورسىقى تۈزۈك تويمايدىغان ئادەملەرنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ زادى. يا مۇشۇنداق قىلىش كېرەكمىدۇ. كاتتىلارغا يۈكۈنگەننىڭ، كاتتىلارغا يېقىن تۇرغاننىڭ، ھەمداستىخان بولغاننىڭ مەن بىلمەيدىغان بىرەر خاسىيىتى بارمۇ يا... سەلەي ناغرا چۇرقىرىشىۋاتقان ئالاماننىڭ ئىچىدە قۇلىقىغا گەپ كىرمىگەن ھالدا تۇرۇپ مانا شۇنداق قىڭغىر-قىيسىق خىياللارغا بەنت بولۇپ تۇراتتى.

ئوسمان راۋىنىڭ ھاسىراشلىرى سەل بېسىققاندەك بولدى، ئۇنىڭ جېنى ئارام تېپىپ، ئەتراپقا ئۆڭگىيىپ قاراپ قويدى. كۆزەينەكلىك ئادەمنىڭ يانفونى سايرىدى. يانفوندىن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان، كىچىك ۋاقتىدا ھەسەن جىگدە دېگەن كىشىدىن ئۆگىنىۋالغان، ئۆزى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىگە ھۆرمەت، ئىززەت ئاتا قىلغان، ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ ناخشا ئۇنىڭ راۋىبى بىلەن ئەمەس، قانداقتۇر بىر نېمىلەرنىڭ

فات- فۇتلىرى بىلەن چېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا
ئۆزىنىڭ ناخشىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلىدى. ئۇ ھاياجان
بىلەن، خۇشاللىق بىلەن ناخشىغا قۇلاق سالدى. ناخشىنىڭ
بىر يەرلىرى قاملاشمىغاندەك، كەمدەك، يەنە بىر يەرلىرى
ئارتۇقتەك بىلىندى. كەم يەرلىرى، ئارتۇق يەرلىرى قولا-
قىغا پەقەت ياقمىدى. ئاڭلاۋېتىپ سەل ئاچچىقى كەلگەن-
دەك، يەنە قانداقتۇر بىر نېمىلەردىن ھاياجانلانغاندەك،
غۇرۇر شادلىقى ئۆرىدىگەندەك بولدى. ماۋۇ يېرى قاما-
لاشماپتۇ... دەپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە
توختاپ قالدى. مۇزدىن ياسالغاندەك تەسىر بېرىدىغان
مۇنۇ ئادەمگە بۇ ناخشا ياققان، ئۇنىڭ كۆڭ نۇرى چۈش-
مەيدىغان بىر يەرلەردە سارغىيىپ، چىرىشقا باشلىغان كۆڭ-
لىنى ئېرىتىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلى ئۆزىنى
ئاڭلىغان بولسا، بۇنىڭ... بۇ خۇددى تولۇق ئالەمنىڭ سىر-
تىنى قىزىل بوياپ يېپىپ چىشنى قاماتقاندەك بىر ئىش
بوپتۇ... ھېلىقى ئادەم كۆزىگە بايىقىدىن چىرايلىقراق كۆ-
رۈندى. ئۇنىڭ ناخشىسى جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى كاتتا
شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى بىر يەردە ياڭراشقا باشلى-
دى. خەقلەر ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغانىكەن ئۇنى توندى
دېگەن گەپ. ئىلگىرى ئۇنى مەتوختى ھاكىم، ئاندىن
قالسا ياقا دەڭدىكى ئازلا ئادەملەر بىلەتتى. مۇنداقچە
ئېيتقاندا ياقادەڭنىڭ ئۇپچۆرىسىدىكىلەرلا بىلەتتى. مۇشۇ
ناخشىنى ئېيتىپ ھېلىقى جاھان ئەينىكىدە بىر چىقىۋىدى
ئۇنى ھەممە بىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ھەممە ئادەم
ئېيتىدىغان بولدى. ھەممە ئادەم ئۇنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ
تەرىپىنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ مۇشۇ ناخشىنى ساقلاپ قالغان-
لىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭلارچە رەھمەتلەر ئېيتىدىغان
بولدى. ھەتتا يۇرتىنىڭ يېڭىدىن كەلگەن ھاكىممۇ ئۇنىڭ
قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئاكا، سىز يۇرتىمىزنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتتىڭىز،
بىز نەچچە 100 مىڭ يۈەن خەجلەپمۇ بۇ يۇرتنى بۇنچىلىك
تەشۋىق قىلالمايتتۇق، قالتىس ئىش قىلدىڭىز، — دەپ
بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى.

نەچچە 100 مىڭ يۈەن... ئۇ بۇنداق سان- سىپىر-
لارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. پەقەت ئۈچ يېرىم
مو يېرىنىڭ، تۆت بالىسى يەنە ئۈچ نەۋرىسى بارلىقىنى
بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم سان- سىپىر مانا
مۇشۇ... ھېلىقى 100 مىڭ دېگەندەك سانلار ئۇنىڭغا ھەم
ناتونۇش، ھەم ھەيۋەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق... بىراق
ھۆرمەتلىك ھاكىم گەپنى شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق ھايا-
جانلىق، شۇنداق تاتلىق قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا نەچچە
100 يۈەن پۇل تاشلاپ بەرمىدى. يېنىدا نۇرغۇن كىشى
بار ئىدى. ھاكىمنىڭ ئۆزىگە قاراپ قويۇشنى، بىرەر
ئىشقا بۇيرۇشنى، پەقەت بولمىسا مۇشۇ يەردە تۇرغان
نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرەر قېتىم تىللاپ بولسىمۇ قو-
يۇشنى تاما قىلىپ، تىلەپ، ئارزۇ قىلىپ تۇرغان ئادەملەر
بار ئىدى. ھەتتا ھاكىم شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ مەيلە-
دى. ئەتراپىدىكىلەر بۇنى دەرھال بىلەلەيتتى. ھېس
قىلالايتتى. ھاكىم بىرنى قىل دېسە ئاشۇرۇپ ئوننى قىلىدى
غانلار بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان راۋاب پۇل دې-
گەنگە كۆمۈلۈپ كېتەتتى. بىراق ھاكىم ئۇنداق دېمىدى،
ئۇنداق ئويلىمىدى. ئاغزىدىن گەپنىڭ بېشىنى چىقارغان
بولسا، شۇنداق خىيال قىلغان بولسىلا بولاتتى. بىراق
ھاكىم قارا رەڭلىك، كۈن نۇردا پارقىراپ تۇرىدىغان، يا-
لىلداپ تۇرىدىغان قوڭغۇز پىكاپقا چىقىپ چاڭ توزىتىپ
كېتىپ قالدى. ئوسمان راۋابقا ئازراق پۇل بېرىشنى ئويلى-
مىدى، خىيال قىلمىدى، ئويلىغان بولسا... خىيال قىلغان
بولسا...

ھاكىم قايتتى... شۇنىڭ بىلەن رەسىمگە تارتىدىغان-
لار، قوللىرىدىكى كىچىك دەپتەرلىرىگە شىرتىلدىتىپ بىر
نېمىلەرنى يازىدىغانلار، يېزىنىڭ ئەمەلدارلىرى، شوپۇرلار،
يەنە قانداقتۇر بىركىملەر ھاكىمغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى.
بۇ كىشى مەتوختى ھاكىمغا ئوخشىمايدىكەن، مەتوختى
ھاكىم بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپلا قالسا چوقۇم ئۇنىڭغا كەم
دېگەندە بىرەر سائەت راۋاب چالدۇرۇپ، ناخشا ئېيتقۇ-
زۇپ ئاڭلاپ، قىرقىمىغان ئوغلاقتا، پاقلاندا، باچكا گۆشى-
دە يەنە بىر قانداق جاندارلاردا كاۋاپ سالدۇرۇپ يەپ،
يازلىقى مۇزدەك دوغ ئىچىپ، قىشلىقى ماشىنىسىنىڭ كەينى-
دىن ئاجراتمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك مەي - شاراپلىرىدىن
ئىچىپ، ئىچكۈزۈپ ئاندىن كېتەتتى. ئۇمۇ ھاكىمغا راۋاب
چېلىپ بەرگەن شۇ كۈنى شۇنداق خۇشال بولاتتى. خۇ-
شاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. روھى
ئۇسۇپ، چىرايى نۇرلىنىپ كېتەتتى. بىراق مۇنۇ يېڭىدىن
كەلگىنى ئەمەسلا بىر ئادەمدەك قىلىدۇ.

ھېلىقى كىشى تېلېفوننى ئۇلاپ بىركىملەر بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئوسمان راۋاب ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇ قەدەر يالغۇز ھېس قىلدى. ئۇنى شۇ قەدەر غېرىبلىق باستى. ئۇنى تونۇمايدىغان، ئۇ تونۇمايدىغان جىق، بەكلا جىق ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇنداق غېرىبلىق، يالغۇزلۇقتىن ئۇ يىغلىۋېتىشكە، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

سەلەي ناغرىنىڭ بېشى ئاغرىپ كەتتى. كۆزلىرى تورلىشىپ كەتتى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىنى خىيال قىلدى، نۇرغۇن ئىشنى ئويلىدى. ئەمما ئويلىغانلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى. بۇنداق يەردە بىرنېمىنى ئويلىغىلى، خىيال قىلغىلى بولمايتتى. ئاخىرىغىچە ئويلىغىلى، خىيال قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەكچى، گەپ قىلماي چىقىپ كەتمەكچى بولدى، يەنە ھېچنېمىنى ئويلىماسلىقنى، ئويلىسىمۇ ئويلىغانلىرىنى بىركىملەرگە دېمەسلىكنى ئويلىدى. بىراق نەچچە كۈندىن بۇيان ئوسمان راۋاب ئۇنىڭ خىيالىنى ئىگىلەپلا كەتكەندى. بولۇپمۇ بايىقى ۋاڭ ـ جۇڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە چالغىشقا باشلىدى. ئوسمان راۋابنىڭ بىچارە ھالى بىلەن مەتوختى ھاكىمنىڭ سېمىز، چىرايلىق، قىياپىتى دەممۇدەم ئالمىشىپ كۆز ئالدىدا پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بولمىغۇر بىر نەرسىلەرنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قالايمىقان خىياللىرىدىن، بولمىغۇر ئويلىرىدىن ئۆزىمۇ ئەنسىرەيتتى، بېشىمغا بالا تېپىۋالارمەنمۇ دەپ قورقاتتى. بىراق يەنە قاملاشمىغان خىياللىرىدىن قۇتۇلالماي، تاشلىيالماي، مۇشۇنداق قاملاشمىغان خىيال قىلىدىغان خۇيىنى تۈزىتەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدى. ئىلگىرى، سەلەي ناغرا ياش چاغلاردا نۇرغۇن ئادەم ئەترەتتە نومۇر خاتىرلەيدىغان ئىشتىن ھاگىزىنچىلىققا، ھاگىزىنچىلىقتىن بوغالتىرلىققا، ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆسۈپ بىر قانداق، بىر قانداق باشلىق بولۇپ كېتەلەيتتى. بىراق سەلەي ناغرا مۇشۇنداق قالايمىقان بىر نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى، ئويلاش بىلەنلا توختاپ قالماي يەنە دەپ سالىدىغان تايىنى يوق خۇيى سەۋەبىدىن بوغالتىرلىقتىن ھاگىزىنچىلىققا، ھاگىزىنچىلىقتىن نومۇر خاتىرلەيدىغان ئىشقا قويۇلدى، ئارقىدىن يەنە كەنت باشلىقىنىڭ يىل بويى ئىشقا چىقمايدىغان خوتۇنى بىلەن يىل بويى تاغار كۆتۈرىدىغان تۇل خوتۇننىڭ يىل ئاخىرىدىكى دارامىتى ئوخشاش چىققانلىقىنى دەپ يۈرۈپ، سۆزلەپ يۈرۈپ، تېخى مۇشۇ ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەنت باشلىقى بىلەن ئېيتىشىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا نومۇر خاتىرلەيدىغان دەپتىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. شۇنچىۋالا ساۋاقلىرى يەتمىگەندەك ھازىر يەنە قالايمىقان ئويلاشقا باشلىدى. ئوسمان مۇشۇ دەمدە خەقنىڭ شەھەردە تېپىنغا زار بولۇپ ئولتۇرىدۇ، بىزنىڭ ما خەق توق ئادەمگە يېگۈزۈشنىڭ، ئىچكۈزۈشنىڭ كويىدا، قانداق دېگەن سارائىلىق بۇ. بۇنداق ئويلىسىغۇ مەيلىدى، بىراق ئۇ خىيالنىڭ تېخىمۇ يامىنىنى، تېخىمۇ قاملاشمىغىنىنى، قورقۇنچلۇقىنى قىلدى. بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالدى. ئۆزىنى تۇتالماي، باشقۇرالماي، ئويى ـ پىكرىنى جوگۇلالماي يەنە تولىمۇ بولمىغۇر ئوي ـ خىيالغا ئەسىر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىرقى خىيالىچە ھەرقانداق ئادەم مۇنۇ مەتوختى ھاكىمنىڭ ئورنىغا چىقىپ ھاكىم بولالايدۇ، بىر كىشىلىك خىزمەتنى قىلىپ كېتەلەيدۇ، بىراق ئوسمان راۋاب بولماق، ئوسمان راۋابتەك بىرەر 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىن بىرەرسى چىقىدىغان ئادەم بولماق كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ... ئارقىدىن ئۇنىڭ خىيالى يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. خەقلەر دېگەندەك 100 مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىدىغان ئوسمان داۋالانسا، داۋالىنىپ ساقايسا بولاتتى... بىراق ئوسماننىڭ پۇلى يوق، كۆككە تاقاشقۇدەك، كۆككە تاقاشمىسىمۇ تاغقا بويلاشقۇدەك نامى بار ئوسمان راۋابنىڭ پۇلى يوق. سەلەي ناغرا ئۆز ـ ئۆزىنى بىرمۇنچە تىللاپ كەتتى. بۇ دۇنياغا قولى قىسقا بولۇپ يارالغانغا مىڭ لەنەت.

مەتوختى ھاكىم سورۇندىن يانغاندىن كېيىن بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن بىللە مېڭىشتى. ناخشا، سازلارنىڭ سېھرىدىن يۈرەكلىرى ئېرىگەن، مەشرەپ شادلىقىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالمايدىغان ئادەملەر مەتوختى ھاكىمنىڭ ئېچىلىپ ئولتۇرۇپ بەرگىنىدىن، چاقچاق قىلىپ بەرگىنىدىن، بىر پەدىگە ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىنىدىن سۆيۈنۈشۈپ چىرايلىرىغا كۈلكە، تەبەسسۇم يامرىغان ھالدا ھاكىمنى ئۇزىتىپ بولۇپ سورۇندىن تارقاي دەپ تۇرغاندا توپ ئارىسىدىن سەلەي ناغرا ئايۋاننىڭ ئىشكى يېنىدىكى كىچىككىنە كارۋاتقا چىقىپ ئورۇق قوللىرىنى كەڭ يايدى.

— توختاڭلار جامائەت، مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىم

بار، ئوسماناخۇننىڭ كېمىلىكىنى بىلىسىلەر، بېچارىنىڭ كېسىلى ئېغىركەن، داۋالىنىشقا جىق پۇل كەتكۈدەك، قولى قىسقا ئادەم ئۈچۈن بۇنچىلا كۆپ پۇلنى چىقارماق تەس... شۇڭا ئانچە-مۇنچە ئاتىغىنىمىزنى بېرەيلى. مەن ئەتىيازقى توقلىدىن ئىككىنى ئاتىدىم... بازاردا ھەر بىرىنى كۆردۈم دېمەي بىر قىزىل تىزىدىن ئالىدىغان ماللار.

ئەتراپنى جىملىق باستى، تولىمۇ قورغاق، ئېغىر ھەم ئېزىلەڭگۈ جىملىق باستى. سەلەي ناغرا ھەممەيلەنگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى، ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى بايىقى كۆلكە، بايىقى يېقىملىق تەبەسسۇم، يەنە بايىقى مېھرىبانلىق، يېقىنلىق قەيەرگىدۇ يوقالغان. ھەممە چىرايدا بىپەرۋالىق، بىزارلىق ئالامەتلىرى پۇرقۇلۇپ تۇرىدۇ.

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ جامائەت، نېمە بولدى.

ئۇزاق سۈكۈناتتىن كېيىن جىملىقنى ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئاۋازى بۇزدى:

— ۋايجان، سەلەي ئاخۇن، دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ھەممىمىزنىڭ كۈنى ئاران ئۆتۈۋاتىدۇ، بىكاردا قالغان پۇل بولمىسا، ئوسماناخۇننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، بالا-چاقىلىرى بىر ئامال قىلمىسۇنمۇ، بۇ تۇرقىدا كىمدە ئارتۇق پۇل-پېچەك بار دەيسىلە.

سورۇندا نۇرغۇن يېنىك تىنىقلار ئاڭلاندى. تەڭلىكتىن قۇتۇلغاندەك، ئېغىر يۈكتىن ئازاد بولغاندەك يەڭگىل تىنىقلار ئاڭلاندى. نۇرغۇن دە-تالاش بولدى، قىزغىن مەسلىھەتلەر بولدى. جامائەت مەتتوختى ھاكىمنى ئېلىپ قېلىش، ئۇنىڭغا توپاق، قوي، پاقلان سويۇشتا قانداق بىرلىككە كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق بىرلىك ھاسىل قىلدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن بۇنداق ئىشنى پەقەت ئوسماناخۇننىڭ ئۇرۇق-پۇشتى، بالا-چاقىلىرى، يېقىن-يورۇقلىرى قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاق پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ئەتىكى مەشرەپنىڭ تەييارلىقلىرىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق تالاش-تارتىش باشلاندى

— ئىش قاملاشمىدى، يۇسۇن، — دېدى سەلەي ناغرا ھويلىدىلا گەپ باشلاپ، — ئوسماننىڭ كېسىلى ئېغىركەن، بىر نەچچە ئاغىنە ئاتىغىنىمىزنى بېرەيلى، ئۇ بىچارە مۇنداقلا كېتىپ قالسا بولماس...

يۇسۇن خارەت ھەلەپ ئېتىپ چىققان بولسا كېرەك، كېپەك يۇقى قوللىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئورىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ قولىنى يۇيۇپ بولۇپ بىردەم سىڭايان قاراپ تۇرغاندىن كېيىن غودۇڭشىدى:

— مۇنداق قىلساق بولارمۇ، دېمەكچى بولغىنىم بىز مۇنداق قىلىپ يۈرسەك بالا-چاقىلىرى خاپا بولۇپ قالامىكى، بىزنى نامرات كۆرۈپتۇ، دەپ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، بالىلىرى بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭمۇ ھالى بىزگە ئايان، ئاران كۈنىنى ئېلىۋاتقان تۇرسا.

ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن يۇسۇن خارەت ئېغىز ئاچتى. ناھايىتى تەستە، بەكمۇ قىيىندا ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، خەۋىرىڭىزدە بار، چوڭ ئوغلۇم بۇ يىل 30دىن ھالقىپ كەتتى، ھازىرغىچە بىرەر قىزنى يېتىلەپ كەلگىنى يوق، شۇنىڭ تويىغا ئاتاپ يىغىپ قويغان ئازراق پۇل بار، ئۇنى بېرىۋەتسەم بالىنىڭ تويىنى قانداق قىلىمەن.

— مۇشۇ كۈنگىچە خوتۇنىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ باقمىغان بالاڭ يەنە بىرەر يىل تۇرۇپ تۇرسىمۇ بولاردى. ئوسماناخۇن ياخشى بوپكەتسە پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ بەرسە...

سەلەي ناغرىنىڭ بېشى ئىنچىگە چۈشۈپ كەتتى، بېلى تېخىمۇ مۈكچەيدى. ئوسمان راۋابىنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىپ قالغان مۇشۇنداق چاغدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇ ئوسمان راۋابنى بۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم داڭلاپ باقمىدى، كۆككە كۆتۈرۈپ باقمىدى. بىراق بۇ يەردە، بۇ مەھەللىدە ئوسمان راۋاب بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئوسمان راۋابنىڭ ئورنىنى ھېچكىمنىڭ باسالمايدىغانلىقىنى سەلەي ناغرا چۈشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

كەڭ پىشايۋاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان سادىق نوگاي سەلەي ناغرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، سەلەي ناغرا تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن خەقلەرگە كېلىش مەقسىتىنى قانداق دېگەن بولسا سىدىق نوگايغا يەنە شۇنداق دېدى.

— ئەمدى شۇ بەرسەمغۇ بولاتتى، كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەملەر، بىراق ئەمدى ئاخىرەتلىكىمنى ئويلاپ بار پۇلنى شامگۆر ياستىشقا ئېلىپ قويغانىدىم.

— تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈمنىڭ غېمىنى يېمەي، ئاۋۋال ماۋۇ كۆزى مىدىرلاپ تۇرغانلارنىڭ ھالىغا يەتسەك نېمە

بولار. شامگۆر دېگەن تۈگەپ قالىدىغان نېمە بولمىغاندىكىن.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن خەقلەر بىر باشتىن ئىگىلەپ ئوبدان يەرلەر بارغانسېرى قالمىغىلى تۇرۇپتۇ ھازىر. ئايىغى بارغانسېرى زەي چىققىلى تۇرۇپتۇ.

سەلەي ناغرا تۇردى قازاننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ ئايۋاندا ئۇخلاۋاتقانىكەن.

— دېگىنىڭدەك بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق بار پۇلغا كالا ئېلىشنى پىلان قىلىپ قويۇپتىكەنمەن.

— ھەممىسىنى چىقار دېگىنىم يوققۇ، كۆڭلۈڭ خالىغانچە بەرسەڭ بولاتتى.

— بىراق بۇنداقتا يىغقان پۇللىرىم پارچە بولۇپ كېتىدۇ.

سەلەي ناغرا جىممىدە كېتىۋېتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، نۇرغۇن ئىشلارنى پىلان قىلدى. ئۇنىڭغا شۇ مىنۇتتا بۇ دۇنيادىكى بەك جىق نەرسىلەر يالغاندەك، ساختىدەك، يول يول ئەمەستەك، يۇلتۇز يۇلتۇز ئەمەستەك، راست بىلەن يالغاننىڭ پەرقى قالمىغاندەك، كۈلكە بىلەن يىغىنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە ئوپئوخشاشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرى تورلاشتى، نەم كۆزلىرى بەكلا بىچارە بولۇپ كەتكەنىدى. كۆز ئالدىغا ئوسمان راۋابنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ياندۇرمايدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان قېرى، ئەمما سەبىي چىرايى كەلدى.

ئۇنىڭ بېشى قېيىشقا باشلىدى. ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرى تىترەيتتى. مۇشۇ شەھەردە ئۇنىڭ تونۇشلىرى، يارۇ-بۇرادەرلىرى بار. ئۇنى كۆككە كۆتۈرگەن، ئۇنى جاھاندا بىر سانايدىغان مەشھۇر تونۇش بىلىشلىرى بار... تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە باھاردەك مېھرى ئىللىق، ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان نازاكەت دېگەن بىر قىزمۇ بار... ئۇنىڭ ئۇماقلىقىنى، خۇي-پېئىلىنىڭ ئوڭلۇقلىقىنى بىر كىمگە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. كۈلۈشلىرى، ئوچۇق-يورۇقلۇقى، شوخلۇقى... ھەم مېھرىلىك تەبەسسۇمى نازاكەت دېگەن بۇ قىزنى بىللە كەلگەن كىشىلەر ئىچىدىكى بىر تال گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كۈلگەندە ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان زىنىقى، تولىمۇ رەتلىك ھەم چىرايلىق چىشلىرى بۇنىڭدىن 50 يىللار بۇرۇن ئوسمان راۋابنىڭ يۈرىكىگە تۇنجى ئەركەكلىك ئوتىنى ياققان قىزنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. نازاكەت بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بالىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۆزىنى ئازدۇرغان شەيتاننى مىڭنى قارغىدى. ئۆزىنى مىڭنى تىللىدى. كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ قىزىدەك، ھەتتا نەۋرىسىدەك قىزنى كىمگە ئوخشىتىپ، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىمنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى، بۇ گۇناھىنى ئاللاھنىڭ كەچۈرۈشىنى تىلىدى. نازاكەت بايىقى خىياللىرىنى بىلىۋالىدىغاندەك ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي، ئۆزىنىڭ بۇ گۇناھكار تۇيغۇلىرىدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ كەتتى. بىراق نازاكەت خۇددى ئۆز دادىسىغا ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، چاقچاق قىلىپ يۈرۈۋەردى. ئوسمان راۋاب يەنە شۇنداق ئويلاپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ يۈردى.

ئۇ يانچۇقىدىكى پۇرلاشقان قەغەزنى چىقاردى. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇلار خوشلىشار ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەگەر بېرىپ قالغۇدەك بولسا چوقۇم ئۆزىنى ئىزدىشىنى، ئىزدىمىسە، كارى بولماي يېنىپ كەلسە خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ماڭار چاغدا ئۇ نېمىنى ئويلىدى، ئىشقىلىپ ئۇلار تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەرگەن قەغەزنى ئېلىۋالغان ئىدى.

— مەن، ئوسمناخۇن... ھە ھېلىقى... ياق ئەمەس... مەن ئاۋۇ «بۇلبۇللىرىڭ كەلمىدى» دېگەن ناخشىنى ئېيتقان ئوسمناخۇن...

قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئوسمان راۋاب تۇرۇپكىنى تۇتۇپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى ئۆزىنى بىر چاغلاردا ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغان ئادەم ئۇنى تونۇمىدى. بىلمەيمەن دەيدۇ... ئەمما ئوسمان راۋاب ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياڭراق، چىرايلىق چىقاتتى. گەپنى ناھايىتى تېز، چاقماقتەك قىلاتتى. شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ ئوسمان راۋابنى تونۇمىدى... ئوسمان راۋابنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. شۇنداق تېز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ، «بۇلبۇللىرىڭ كەلمىدى» دېگەن ناخشىنى 1-قېتىم ئاڭلاپلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەنىدى. ئوسمان راۋابنى مەھكەم قۇچاقلاپ:

— تاغا، مەن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئاتا-ئەجدادلىرىمنى تاپقاندەك، ئۇلارنىڭ مەردانە قىياپىتىنى كۆرگەندەك

بولدۇم، سىلىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن ئىدى. شۇنچە تېز ئۇنتۇپ قالغۇدەك ئۇ نېمە يېگەندۇ، نېمە ئىچكەندۇ، قېشىغا كېلىشكە تەڭلىك تارتقۇدەك نېمە خاپىلىقى باردۇ. ياق، ئۇ مېنى جەزمەن تونۇمىدى، بۇ تېلېفون دېگەنمۇ شەيتاننىڭ خىيالىدەكلا بىرنېمە بولسا كېرەك. ئۇ مېنى تونۇمايدىغان، تونۇماسقا سالىدىغان ئادەم ئەمەس.

— ئۇسمان ئاكا، — ئۇسمان راۋاب بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىسسىق بىر سېزىمدىن شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى، — قارالىڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى.

ئاللاھ يەتكۈزدى دەپ مۇشۇنى دەيمىزمۇ ئەمدى... ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن، ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك، ئەمما مېھرى سوغۇق بۇ شەھەردە پۇلنىڭ قەدرى ئاللىبۇرۇن جاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بىراق ئۇسمان راۋاب پۇلنىڭ پەقەت بۇ شەھەردىلا ئەمەس، ھەممىلا يەردە مۇشۇنداق قالتىس ئىكەنلىكىنى، جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا جىممىدە ياشاۋاتقان مەھەللىسىدىمۇ ئادەملەرنىڭ خېلى بۇرۇندىنلا پۇلنىڭ ئادەمنى ئۇتۇپ، كۆرەڭلەپ يۈرگەنلىكىنى بىلىشكە قادىر بولالماي كەلگەنىدى. شۇنداق بولمىغان بولسا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى غېرىب زاراتگاھلىقتا توپىلىرى نەم يېڭى قەبرە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇسمان راۋاب ئادەملەرنىڭ بەكلا سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ، سۆيگۈنىڭ، قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ قۇياشتىن، ئۇلۇغ كۆيگەن ئوتتىنمۇ قالتىسلىقىنى بىلىپ قالغان بولاتتى. بىراق نۇرغۇن ئادەملەرگە نېسىپ بولمىغان، سۇسلىشىۋاتقان، ئاز قېلىۋاتقان، يوقىلىۋاتقان نەرسە ئۇسمان راۋابقىمۇ نېسىپ بولمىدى. ئۇسمان راۋابنىڭ كېسىلى سەۋەبى بىلەن بۇ يەردىكى ئادەملەردىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىندى. سەلەي ناغرىنىڭ ھېچكىمگە دېمىگەن خىيالى بويىچە بولغاندا شۇ قېتىملىق ئىمتىھاندىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتەلمىدى. ئۇ مېھرنى، مۇھەببەتنى، قېرىنداشلىقنى شۇنچە ئۇلۇغلايدىغان، مۇشۇ نەرسىلەرنى دەپ كېچە-كۈندۈز دېمەي ناخشا ئوقۇيدىغان، تەرىپىنى قىلىپ ھارمايدىغان، ھەممىلا يەردە شۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنى سۆزلەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھالىغا قاراپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇ يېشىنى بىر كىم كۆرۈۋالىدىغاندەك دەرھال قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ياشلىرىنى سۈرتتى، بىراق سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمىدى. ئۇ ئاۋازىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى، بىراق ئامال قىلالماي ھۆڭگىرەك ئېتىپ ئۇزاق يىغلىدى. يىغلىغىنىنى بىركىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ ناھايىتى كۈچەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ئۇ شۇ ئىشتىن كېيىن ھەيرانلىق ئىلكىدە ياقىسىنى چىشلەپ، ئەمدى ياقادەك تۈگەشتى، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ ئەقلى-ھوشىنى يىغىپ قاراپ يەنە ھەيران قالدى. ياقادەك يەنە شۇ ياقادەك بولۇپ، ياقادەكنىڭ ئادەملىرى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك ياقادەكلىك بولۇپ، كەتمىنىنى چېپىپ، ناخشىسىنى ئېيتىپ، تىللايدىغانىنى تىللاپ، ماختايدىغانىنى ماختاپ يۈرۈۋېتىپتۇ. سەلەي ناغرا قورقۇپ قالدى. سەلەي ناغرىنىڭ ئويىچە ياقادەك ھېچبىر ئۆزگەرمىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭدا زادى نېمىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ بىراق ياقادەكدىكى ئادەملەرنى ئادەم قىلىپ تۇرغان ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسە سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ قالغان لاي تامدەك ئاجىزلاپ كەتكەن، كۈچىدىن قالغان، توزغاقتەك توزۇشقا باشلىغان، بۇ ھال كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. يۇرتنىڭ مەشھۇر ئادىمى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدا نۇرغۇن پۇل بار ھالدا پۇلسىزلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. راۋابنى بۇلبۇلدەك سايرىتىپ، كەپتەردەك ئۇنلىتىپ چالسا كىشىلەر ھەيران قالىدىغان، يەنە ھۆپۈپنى، توخۇنى، يەنە بىر قانداق جانىۋارلارنىڭ ھاڭراشلىرى، قىچقىرىشلىرى، مەرەش، ھۆكرەشلىرىنى، چىللاشلىرىنى دوراپ چالغاندا پۈتۈن يۇرت كۈلۈپ كېتىدىغان بىر ئادەم مانا شۇنداق كېتىپ قالغانىدى. ئادەمنى تېخىمۇ قورقىتىدىغىنى ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ھەي... دەپلا قويدى. سەلەي ناغرىنىڭ خىيالىچە مۇشۇ ھەي دېگەن تازىمۇ لاتىدەك بىر گەپ ئىدى. ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتسە ھەي... دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنغان ئادەم قويرۇقىنى قىسىپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى. يارنى ئېتىشنىڭ كويىغا كىرمەيتتى. بىرسىنىڭ قورۇسىغا ئوت كەتسە ھەي... دەپ قويىدىغان ئادەم كەينىگە يېنىپ ئاستا كېتىپ قالاتتى. بىركىمنى چاقىرمايتتى يا بىر چېلەك سۇنىڭ كويىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە سەل

قوپال ھەم سەت بولسىمۇ ھۇ... نىڭ بالىسى دەپ تىللىنىدىغان ئادەم بىر ئاز ياخشىراق ئىدى.

بۇنىڭدەك يېقىملىق، چىرايلىق، بۇنىڭدەك ئىسسىق ئاۋازنى ئاڭلاپ دۇنيا قايتا يورۇغاندەك، قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. شۇ چاغدا ئۇ نېمىشقا بۇنچىۋالا خۇشال بولغانلىقىنى، مۇزخانىدىن ئىسسىق مەشىنىڭ تەپتىدىن جانلار يايرايدىغان ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. نازاكەت دېگەن بۇ قىز پەقەت ئۇنىڭ تونۇشى، ئۇ ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر قىز. بىر ئىككى ئاي بىللە ئىشلىگەن، ئوسمان راۋاب چېلىپ چىقىدىغان ناخشىلارنى رەتلىشىپ بەرگەن، تەلپەكنى مۇنداقراق كىيىڭ، پوتىڭىزنى مۇنداق باغلاڭ، كالاچنى قويۇپ پۇتىڭىزغا ئۆتۈك كىيىڭ... ۋەھاكازا دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغان تولىمۇ كىچىك، ئەمما مېھرى زىيادە ئىسسىق بىر قىز ئىدى.

نازاكەت دېگەن بۇ قىزنىڭ باھار شامىلىدەك ئىللىق كۈلكىسى، يۈرەكنى ئىسسىتىپ ئۆتىدىغان تەبەسسۇمى، ناھايىتى بۇرۇنلاردا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن تاتلىق بىر سېزىمنى ئەسكە سالىدىغان ئۇماققىنە قاراشلىرى ئوسمان راۋابنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى. بۇ پەقەت بىرنەچچە دەقىقىلىق، شۇنداق شادىمان، شۇنداق سۆيۈنۈشلۈك بىر ئەسلىمە ئىدى. كۆز ئالدىدا بۇرۇنقىدىن سالاپەتلىكرەك، يەنە بىر يەرلىرىدىن بۇرۇنقى ئىسسىقلىقى سەل ئازلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان گۈزەل بىر چىراي ئۇنىڭغا ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ئوسمانكا، توۋا، ئەجەب ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، تاغام دوختۇرغاندا ئىدى، شۇنى يوقلاپ چىقىشىم. سىز بۇ يەردە...

ئوسمان راۋابنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ سۆزۈك ياشلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن، تاتارغان، قېنى قاچقان يۈزىنى بويلاپ تەگىدىن تولىسى ئاقارغان ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

— يىغلىماڭ ئوسمانكا، نېمە بولدىڭىز... ئالدىرىماي دەڭ.

ئوسمان راۋاب خۇددى ئۆزىنىڭ قىزىغا، بىر تۇغقان قېرىندىشىغا، يەنە ئاتا-ئانىسىغا دەرد تۆككەندەك ئۇزاق، بەك ئۇزاق دەرد تۆكتى. ھەممە گېپىنى ھازىر دەۋالمىسا بولمايدىغاندەك، ئەگەر نازاكەت كېتىپلا قالسا بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەم قالمايدىغاندەك ناھايىتى ئالدىراپ تارتقان خاپىلىقلىرىنى، كۆڭلى ئاغرىغان ئىشلارنى بېرىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلىدى. ھېلىقى كۆزەينەك تاقايدىغان، چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان ئادەمنىڭ قوپاللىقلىرى، پۇل بولمىسا بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ قەدرى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى، كۆزلىرىنى، بۇرۇنلىرىنى، يۈزىنى بويلاپ ئاققان ياشلىرىنى سۈرتتى. ئەتىر پۇرايدىغان، تولىمۇ پاكىز قولياغلىقنىڭ قاچان قولىغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ بىر چاغدا ئەسلىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. پۈتۈن سۆرۈك بىر ئەر تۇرۇپ نېمە دەپ بۇنداق يىغلايدۇ، نېمىشقا بىر قىزنىڭ ئالدىدا يىغلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇشايماننىڭ ئاچچىق بىر ئىسسى قاپلاشقا باشلىدى. بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. نازاكەت كىچىككىنە بىر قىز. بىر يەرنىڭ باشلىقى ئەمەس، باشلىقى بولغاندىمۇ مېنىڭ ئىشىمنى ھەل قىلىشقا ئۇنىڭ قانداق قۇربى يەتسۇن، بۇ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنى تەڭلىككە سالغاندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ... مەن نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىمەن، يىغلايدىغان ئىشىم بولسا ئۆزۈمنىڭ باللىرىغا، قېرىنداشلىرىمغا يىغلاپ بەرسەم بولىدۇ. خەپ... مۇشۇ قىلىقىمنى مېنىڭ...

نازاكەتنىڭ ئوسمان راۋابنى ئاشخانىغا باشلاپ قورسىقىنى تويغۇزغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى دۆڭكۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئادەملەر بارمۇ يوق، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. شۇ كۈنى كەچتە نازاكەت ئوسمان راۋابنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قولىدىكى تاماق قاچىسىنى ئېچىپ، ئوسمان راۋابنىڭ ئالدىغا قويدى. قاچىدا تولىمۇ مەززىلىك چۆچۈرە بار ئىدى. خۇدا بەندىسىنىڭ كۆڭلىگە سالىدىغان ئوخشايدۇ، نازاكەت ئۇنىڭ چۆچۈرىگە ئامراقلىقىنى نەدىن بىلىدىغاندۇ، يا فىلىم ئىشلەيمىز دەپ يۈرگەن كۈنلەردە دەپ سالغان بولغىيمىدى.

— رەھمەت، سىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن، قىزىم...

— بولدى، بۇنداق دېمەڭ ئوسمانكا...

نازاكەت يېنىدىكى زىغىر رەڭلىك كىچىككىنە سومكى-

سىدىن بىر باغلام قىزىل رەڭلىك پۇلنى ئوسمان راۋابنىڭ ئالدىغا قويدى. پۇللار يېڭى، جۇلالىق، سېھرىي كۈچكە باي بىر ھالدا ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى.

— ئوسمانكا، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئىشلىتىڭ... بۇغۇ كۆپ بىر نەرسىمۇ ئەمەس... داۋالىنىشىڭىزغا كۆپ دالدا بولالماسلىقى مۇمكىن... بولسىغۇ كۆپرەك ئامال قىلسام بولاتتى، — نازاكەت تەڭلىك بولغان ھالدا ئاستىنقى لېۋىنى بىلىنەر بىلىنمەس چىشلەپ قويدى، — بىزمۇ كىچىككىنە مائاشقا قاراشلىق ئادەملەر، بارى مۇشۇكەن. ئاز بولسىمۇ ئىشلىتىپ تۇرۇڭ.

ئوسمان راۋاپنىڭ نېپىز لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ قەتئىي يىغلىماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق كۆزىدىن يەنە ياش چىقىپ كەتتى. سۈزۈك ياشلار كۈلكە كەتمەيدىغان يۈزلىرىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشتى، قورۇق باسقان، قاچانلا قارىسا مۇلايىملىق، ئۈمىياتچانلىق يەنە خۇددى نەچچە 1000 يىل بولغاندەك تەسىر بېرىدىغان ياۋاشلىق بالقىپ تۇرغان چىرايىدا ياشنىڭ ئىزلىرى قالدى.

— بۇنى ئالسام بولمايدۇ بالام، سىلەرنىڭمۇ بىساتىڭلاردا ئارتۇق بىر نەرسە يوق، بايا دېگەنلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ...

— ئۇنداق دېمەڭ ئوسمانكا... سىزنىڭ، سىزدەك ئادەملەرنىڭ قەدرىنى ئوبدانراق قىلساق بولىدۇ. تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرساق، نېمە كېتىشىدىن قەتئىينەزەر داۋالىساق بولىدۇ، چۈنكى سىزدەك ئادەمدىن بىرەر 100 مىڭ ئادەمدىن بىرەرسى چىقىدۇ، ئەمما...

نازاكەتنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىپ چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ سىرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇماقلىق، گۈزەللىك يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر قەلبىنىڭ شولىسى سۈزۈك، يارقىن جىمىرلايتتى. نازاكەتنىڭ چىرايلىق كۈلكە جىمىرلاپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ئوسمان راۋابقا جاھان كەڭلەپ قالغاندەك، ۋۇجۇدىدىكى كېسەللىك، ئاجىزلىق، يۈرىكىدىكى تەنھالىق، يالغۇزلۇق، غېرىبلىق دېگەنلەر توزۇپ تۈگىگەندەك ئۆزىنى شۇنداق يېنىك، شۇنداق ئازادە، شۇنداق بېجىرىم سەزدى. ئوسمان راۋاب ئۆزىنى نازاكەت بىلەن ئەزەلدىن بار بولغان، يەنە مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان، پەقەت ئاجراتقىلى بولمايدىغان قېرىنداشلىق، قانداشلىق مېھرى باردەك ھېس قىلىپ ھاياجاندىن كۆزلىرىگە يەنە ياش ئالدى. ئوبدان زەن سالغان ئادەم بۇ ياشنىڭ دەرد يېشى، ئازاب يېشى، مىسكىنلىك يېشى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالاتتى.

— ئوسمانكا، سائەت توشۇپ قاپتۇ، ھازىر ئۆيگە ئاپىراي دېسەم ئۈلگۈرەلمەيمەن، مانا بۇ مېنىڭ ئادرېسىم، تېلېفون نومۇرۇممۇ مۇشۇنىڭدا بار، ئەتە ماڭا دەم ئېلىش، تاكسىغا چىقىپ مۇشۇ قەغەزنى بەرسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىدۇ، چوقۇم بېرىڭ، ئەتە سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن لەڭمەن ئېتىپ بېرىمەن.

ئوسمان راۋاب مېھرى ئىسسىق بۇ قىزنىڭ باھاردەك ئىللىق تەبەسسۇم پارلىغان چىرايىغا قاراپ رەھمەت ئېيتتى.

— رەھمەت قىزىم، سىزنى ئاۋارە قىلسام بولماس.

— ئاۋارىچىلىك ئەمەس، چوقۇم بېرىڭ...

ئوسمان راۋابنى يۆتەل تۇتۇپ كەتتى، كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى دىمىق ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئەزران باھالىق ئەتىرنىڭ دەمنى سىقىدىغان ھىدى، يۈز مايلىرىنىڭ يەنە يۇيۇلمىغان پايپاقنىڭ سېسىق ھىدى ئاڭقىيتتى. ئوسمان راۋابنىڭ دېمى سىقىلاتتى، تىنالمىغاندەك، كانىيىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك، بۇرنىنى قىسىپ تۇرۇۋالغاندەك تىنالماي جېنى قاقشاپ كېتىپ باراتتى. كانىيىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك راۋان نەپەس ئالالمايتتى. ئاپتوبۇس كۈن پېتىشقا قاراپ شىددەت بىلەن چاپاتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ئاپتوبۇستىكى قايسى بىرسىنىڭ يانفونى جىرىڭلىدى. ئۇنىڭ يانفونىمۇ ئوسمان راۋابنىڭ ناخشىسى بىلەن جاراڭلايتتى. ئوسمان راۋابنىڭ يېقىملىق، جانغا ئارام بېرىدىغان، كۆڭۈلگە شۇنداق راھەت بىر سېزىم بېرىدىغان يەڭگىل، چىرايلىق، ئاپتاپتەك يېقىملىق ئاۋازىنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر ياش بالىلارنىڭ سەل بوغۇقراق، سەل قاتتىقراق، سەل يىرىكرەك ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى ئاپتوبۇستا ياڭرىدى. ئوسمان راۋاب ناخشا چىققان تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ يەنە جايىغا يېتىۋالدى. بۇ قېتىم ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدى، بىر كىمگە بىر نېمە دېگىسىمۇ يوق ئىدى. ئاپتو

بۇستىكى لىق ئادەملەر ئىچىدە ئۇنى ھېچكىم تونۇمىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. كونا كىيىملەر ئىچىدە- كى، كونا تەلپەك كىيىۋالغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يۇمشاق، ئەمما بەكلا ئاجىز بىر روھ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوسمان راۋابقا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆز ئۆڭىدە نازاكەتنىڭ چىرايـ- لىق تەبەسسۇمى، جىلۋە قىلىپ تۇرغان شېرىن كۈلكىسى نا- مايان بولدى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە يەنە ئەسلەشكە تېگىشـ- لىك بەك جىق ئادەملەر بار ئىدى، بىراق ھېچقايسىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇستازى سىدىق جىگدىنى شۇنچە كۆچەپمۇ چىرايىنى، يۈرۈش- تۇرۇشىنى، ئاۋازىنى يادىغا ئالالمىدى. ئۇ نازاكەتنىڭ قېرىنداشلىق، قانداشلىق يەنە مەڭگۈلۈك مېھىر سىڭگەن تەبەسسۇمىنى، كۈلكىسىنى، باھار تەپتى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، يەنە شۇ كۆزلەردىن بالقىپ تۇرغان تاپماق بەك تەس بولغان مېھرىنى يادىغا ئالالىدى.

ئەتراپىنى قومۇش، ئاندا- ساندا يۇلغۇن، كۆرۈك دې- گەندەك چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاپلىغان كۆز يەتكۈسىز جاڭگالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بىر يول بار. بۇ يولدىن چوڭ- كىچىكلىكى، ئۇزۇن- قىسقىلىقى، ئېگىز- پاكارلىقى ئوخشىمايدىغان ماشىنىلار گۈركىرەپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ، يەنە پىيادىلەرمۇ، ئېشەك ھارۋىسىمۇ، ئات- لىقلارمۇ پات- پات ئۆتۈپ قالىدۇ. مۇشۇ يولنىڭ بويىدى- كى دۆڭدە بىر قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىستانلىقنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدۇ. بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا دەپ بەرمەيدۇ، بىلمەيدىغانلارمۇ بىلىدىغانلاردىن سوراپ بىلىۋېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ يەردە ھاياتلىقدا مەشرەپكە ئامراق، ناخشىغا ئامراق، پۇلغا ئامراق، يەنە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئامراق ئادەملەر ياتىدۇ. مۇشۇ يېقىن- دا بۇ يەردە يەنە بىر قەبرىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى نۇرغۇن ئادەم بىلمەيدۇ. بىلىدىغانلارمۇ ئاستا- ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.

# جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، تۈپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈ- رۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئە- سەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايـ- نىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھـ- رىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# غەزەللەر

ئەھمەدجان تۇرۇپ بەگتۇرك

## ئۆزلۈك ئاۋازى

جانانىنى سەيلىگە چىللاپ پەقەت جىم ياتمىغان ئەرمەن،
تاشالماي ھېچ پايانىمغا ئىچىمگە پاتمىغان ئەرمەن.
ئازابقا كۆكسىنى قاقلاپ ياشاپ يۈرسەممۇ چوغ چايناپ،
ھىجرىنىڭ گۈل دالاسىدا تېخىچە قاتمىغان ئەرمەن.
پېتىپ يالغۇزلۇقۇم جانغا بەنت بولساممۇ خۇمدانغا،
نىجىس شەيتان قۇچاقىغا ئۆزىنى ئاتمىغان ئەرمەن.
نومۇس ئەگكەندە باشنى يىگىتنىڭ شەمشىرى سۇنغاي،
سېپىگە ئەھلى نامەردنىڭ يۈرەكنى چاتمىغان ئەرمەن.
بوۋام قونغان قاقاس تاغلار مېنى ساقلاپ لاۋۇلدايدۇ،
ئېتىنى تىك قىيالاردا قېنىپ ئويناتمىغان ئەرمەن.
ئىزىمدا «نازىنىن» دەۋرەپ مېنى يۈرگەن بىلەن قەستلەپ،
شاھانە باغ، سارايىمدا ئۇنى ئۇخلاتمىغان ئەرمەن.
قېنىمدا كىشىنىسە بوزئات تويۇم قىزىپ كېتەر، ھەيھات!
قىلىپ ئارمانىنى بەربات تۇتۇنگە ساتمىغان ئەرمەن.

## ھاياتقا ئەسلى ئارمانمەن

ئۆزۈمگە شاھى سۇلتانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار،
جۇدۇن پەسلىدە گۈلخانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

قوقاسنىڭ ئاستىدا كۆپ يىل چوغۇمنى ساقلىدىم پىنھان،
يېنىش ۋەسلىدە چوغدانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

ئىچىمدە ئەركە دولقۇنلار تىنىم تاپماي قىلار شوخلۇق،
قاقاس چۆللەردە ئوكيانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

شېخىمدا كۈيچى قۇشلارنىڭ ئەجەب يارقىن ئۇۋاسى بار،
يېتىم قۇشلارغا بوستانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

سادالار لەرزىگە شۇڭغۇپ تاشارغا قۇربىتىم كۆپتۇر،
زېمىن تەكتىدە ۋولقانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن جاننى ئاتاپ سۇبھىگە باش قويدۇم،
ئىشق دەشتىدە قۇربانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

غۇرۇردىن تىكلىگەن بايراق سېغىندۇرغان بۇ دۇنيانى،
ھاياتقا ئەسلى ئارمانمەن، مېنى كۆل چاغلىما ئەي يار.

## قۇم شەھەر

ساناقسىز قۇم شەھەرلەرنى ئۇقۇشقا يۇلتۇزۇم كەلگەي،
ئاڭا چۆككەن جاۋاھىرنى چوقۇشقا يۇلتۇزۇم كەلگەي.

سېپىلنىڭ تەكتىدە مۈگدەپ ياتار سانسىز تېپىشماقلار،
يېشىپ سىرلارنى سۇبھىدە ئۇقۇشقا يۇلتۇزۇم كەلگەي.

سەبىلىكتە ياساپ ئايۋان جانانىم بىرلە «تويلاشقان»،
ھەشەمەتلىك قەسرلەرنى سوقۇشقا يۈلتۈزۈم كەلگەي.

تېپىلغان قۇم كىتابلارنىڭ جۇلاسىدىن ئېلىپ ئىلھام،
يەنە بۇدرۇق قوشاقلارنى توقۇشقا يۈلتۈزۈم كەلگەي.

ئۆزۈمدىن ياتلىشىپ گاھى كۆرەڭ جۇشلەرگە قۇل بولسام،
پىغاندىن ياساپ چاقماق نوقۇشقا يۈلتۈزۈم كەلگەي.

گۆھەردەك چاقنىغان قۇمنى يۈرەكتەك دەپ تونۇسا ئەھمەد،
چىداپ تولغاقتا قۇت پەسلى تۇغۇشقا يۈلتۈزۈم كەلگەي.

### تۇغۇپ باقساڭ قۇياش مەندەك

ئازاب سانجىلسا باغرىڭغا كۈلۈپ قوي جان ئاداش مەندەك،
يىگىت كۆكلەيدۇ ھەسرەتتىن بىرىپ ئۆتسەڭ چىداش مەندەك.

بورانلار داپ چېلىپ ئوينار بېغىڭدا، (بولمىساڭ سەگەك)
كۆزى نۇرلۇق قىياقلارغا بولۇپ ئۆتكىن قاياش مەندەك.

ھىلال قونغاندا مەڭزىڭگە ئۇنى پايلاپ كېلەر ئىبلىس،
غۇرۇرنى زۇلپىقار ئەيلەپ نېسىۋەڭنى تالاش مەندەك.

ئاقالماس ناتىۋان ئەركەك زامانلاردىن زامانلارغا،
غېمىنى قەھرىمان ئەلنىڭ قىلىپ ماڭغىن ھاپاش مەندەك.

كىرەر روھىڭغا زۇمرەت تاڭ قىسىپ بىر تال ئەتىرگۈلنى،
ئېلىپ لەززەتنى تولغاقتىن تۇغۇپ باقساڭ قۇياش مەندەك.

### سىڭەي تاڭلارغا دولقۇنلاپ

سىڭەي تاڭلارغا دولقۇنلاپ مېنى ئارمانغا يار قىلغىن،
كۆيۈپ كەتسۇن جۇشۇم گۇر-گۇر قارا تۈندىن بىدار قىلغىن.

بوۋام يېپەك ئېلىپ ماڭغان چىغىرغا ئۇندۇرەي بىر مۇڭ،
جۇنۇن سەھراسىدا قاتقان غېرىب باشمىنى تار قىلغىن.

قۇياشقا سۈركۈلۈپ قەھرىم قىلىچتەك چاقنىسۇن تۇرسۇن،
زامان دەشتىدە يانماققا جېنىمنى ئىنتىزار قىلغىن.

چېچەكلەر بارچە نامەردلەر يېشىنى ئىچسە ئاشقىنىڭ،
زەھەر تامغان يۈرەكلەرنى شىپا تاپماس بىمار قىلغىن.

نېسىپ بولماس باھادىرلىق جۇلاسى ئۆششىگەن ئەرگە،
يۈرەكلەپ نۇر گۈلى ئوخشاش ياشاشنى ئىختىيار قىلغىن.

### ئەي يار

مېڭىپ يۈرگەن ئۆلۈكلەرگە چېقىلسام دەيمەنا ئەي يار،
قىلىپ جىسمىمنى يال - يال چوغ چېچىلسام دەيمەنا ئەي يار.

قۇياش كۆيگەن يۈرەكلەردە شۇرغان داپ چېلىپ ئوينار،
ئاشۇ شور تاڭدا چوغلۇقتەك ئېچىلسام دەيمەنا ئەي يار.

دىلىمدىن ئۈركسە سەۋدا كېتەر روھىمۇ ئۆڭكۈرگە،
مۇھەببەت سىرتىمقى ئىچرە سىقىلسام دەيمەنا ئەي يار.

قەپەسلەرنى بۇزۇپ، بۇلبۇل ئۇچۇن ئاسماننى بەرمەككە،
ئازابىنىڭ باغرىدا ئۈچ ۋاق بېقىلسام دەيمەنا ئەي يار.

بوران سوقماقلىرى تۇغقان ئاتا توغراقسىمان ئاخىر،
ئانا تەكلىماكانىمغا يىقىلسام دەيمەنا ئەي يار.

### نە قىلغاي

(شائىر ئارسلان ئىزىدىن)

كېچە تەشۋىشكە قۇل بولساڭ شىجائەت سەندە نە قىلغاي،
شىجائەت شەمشىرىڭ سۇنسا كارامەت سەندە نە قىلغاي.

بىگىز قەددىنى يا قىلغان ياشار چەمبەردە توشقاندەك،
كارامەت يەكلىسە روھنى سالاپەت سەندە نە قىلغاي.

ئېتىڭغا مىنسە تۇمارىس جاھانغا ئوت تارالغانمىش،
سالاپەت گۈللىرىڭ سولسا نازاكەت سەندە نە قىلغاي.

ھىجىر دەشتىدە سىلكىنگەن ھامان لاچىنغا ياندىشقاي،
نازاكەت «ئەلۋىدا!» ئېيتسا پاساھەت سەندە نە قىلغاي.

ئازاب ئۇنمەس يۈرەكلەردە مۇھەببەت چاقمىقى چاقماس،
سۆيۈشتىن ئۈركسەڭ، قاچساڭ جاراھەت سەندە نە قىلغاي.

### چۆل شەرھى

كۆمۈپ تەكتىگە ھېكمەتنى ئەسىرلەپ ساقلىغان چۆل بۇ،
پەرىزاتتەك جامالىنى قۇياشقا قاقلىغان چۆل بۇ.

يېقىلغان چاغدا گۈلخانلار ئېلىپ ئۇندىن ھارارەتنى،
ھەممىشە ئەھلى كارۋاننىڭ ئىزىنى ياقلىغان چۆل بۇ.

چۆكۈپ تاتلىق خىياللارغا تىنىپ ياتقان بىلەن كۈندۈز،
ياساپ ئۆركەش كېچەلەردە كېيىكتەك تاقلىغان چۆل بۇ.

دۈپۈرلەپ چاپسا تۇلپار قېنى مۇزلاپ كېتەر بەلكىم،
پۈتىنى ئارغىماقلارنىڭ بوراندا چاقلىغان چۆل بۇ.

پۈتۈلگەن قىسمىتى بىرلە قويۇپ ھەيرەتتە ئالەمنى،
قىلىپ بايراق غۇرۇرىنى گۆھەردەك چاقنىغان چۆل بۇ.

### ياماق ئىزدەپ كۆڭۈللەرگە

ياماق ئىزدەپ كۆڭۈللەرگە باياۋاننى كېزىپ چىقتىم،
ئۆزۈمدىن بىر تاشالماستىن يولۇمدىن گاھ ئېزىپ چىقتىم.

يېشىمنى ئۇسسۇلۇق ئەيلەپ ئۈنۈپ چىقتى تۈمەنمىڭ گۈل،
ئۈزۈپ گۈللەرنى سۆبھىدە ساڭا دەستە تىزىپ چىقتىم.

بېشىمغا ساپتۇ بۇ قىسمەت غېزەلخانلىق بالاسىنى،
بولۇپ تۇتقۇن بالالارغا ساڭا نەزمە يېزىپ چىقتىم.

شامااللار مەن ئۈچۈن يىغلاپ چېچىمنى يۇلسىمۇ ئەپسۇس،
يۈرەكنىڭ رەڭگىنى تاشقا قېنىم بىرلە سىزىپ چىقتىم.

مۇرادىم بولمىسا ھاسىل ئۇچۇق كەتكەي كۆزۈم (يارەب!)
شېرىن ئىستەكتە ئالەمنى تېنىم تاپماي قېزىپ چىقتىم.

ئاپتور: گوما ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

قەھرىمان روزى ئەرچىن

## يورۇق پەرۋازغا سىلكىندىم

جېنىم سىلكىندى ئەسلەردىن كۆزى تۇندەك قاراسىدىن،
يۇرۇپ دەشتلەردە قەلبىمگە سىڭىپ كىرمەك بالاسىدىن.
قاناتتىن قايرىلىپ قالسام سېنىڭ شەيدالىقىڭ رىغبەت،
يورۇق پەرۋازغا ئايلاندىم ۋىسال ئىشقى داۋاسىدىن.
خىياللار تەشۋىشى دەھشەت، مۇھەببەتتىن ئاگاھ بولسام،
پۈتۈمنى بۇزغىلى بولماس يورۇق پەرۋاز چالاسىدىن.
قاتار ئەسكەن شامااللاردىن يۈرەكلىك تۇۋشى كەلسە،
خالاس بولسام قوقاسلانغان قارا ھىجران ياراسىدىن.
سىناپ كەلدىڭ ئايا دىلبەر ئىشقىنىڭ ئىمتىھانىدا،
سەپەردىن پايسىنارىم يوق، ۋە يا كەچمىش قازاسىدىن.

ئاپتور: باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت- تەنتەربىيە رادىيو- كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ياسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە ئىستۇرما سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: قۇربانجان روزى شەيدائىي (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم (تەكلىپلىك).

ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

# ئەخلاقنىڭ قىيامى ۋە قىيامىتى



(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## 5. ئەنئەنىدىن كېچىش ۋە ئەخلاق

ئۇقىرىدا بىز ئەخلاقنىڭ ئومۇملاشقان بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى ۋە ئۆزىمىز ئەخلاقسىزلىق، دەپ قارىغان

تەرەپلەرنى ساناپ ئۆتتۇق. شۇنداقلا، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دىننى ۋاستە قىلىپ ئەخلاقنى قوغدايدىغانلىقىنى كۆرسەتتۇق. تەبىئىيكى، ئەخلاقنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بەك كەڭ، ئەخلاق تەلەپلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا نىسبەتەن، ئاددىي يەكۈن چىقىرىش يەڭگىلتەكلىك بولىدۇ. ھەممە سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىش ناھايىتى كۆپ ئىلمىي ئەمگەك ۋە يېتەرلىك سەھىپە تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز قاراشلىرىمىزنى ھاياسىزلىق، جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشىنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئەخلاقسىزلىق بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. ئەمما بىز كىشىلىرىمىزدىكى دىنىي ئاڭنىڭ سۇسلىشىشى بىلەن ھاياسىزلىق، جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشىنىڭ شۇنچىلىك پاراللېل رەۋىشتە ماڭغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل ئەھۋال غەرب ئەللىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى مۇشۇ خۇسۇستىكى ئەھۋالى بىلەن چوڭ جەھەتتىن بىردەك، بۇ تەرەپ بىزنىڭ چوڭقۇرلاپراق چۈشىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەلۇمكى، غەرب ئەللىرىدە دىنىي ئاڭنىڭ سۇسلىشىشى خېلىلا كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، غەربنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دىندىن يىراقلىشىشىدىن بولغان. فرانسىيە پەيلاسوپى دىكارت (1596 — 1650) ھازىرقى زامان غەرب پەلسەپىسىگە ئاساس سالغۇچى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ پروتېستانت مۇخلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ماددىي ۋە روھىي ئىككى خىل جىسىم تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئىككى ئاساسىي قىسىم خۇدادىن كەلگەندى. پەقەت خۇدالا مۇستەقىل مەۋجۇت ئىدى، بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئادەم بىر خىل دۇئالىستىك — ئىككى مەنبەلىك مەۋجۇتلۇق ئىدى. ئۇ پەن بىلەن دىننى مۇرەسسە-

گە سېلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ پەقەت «ھېسسىي بىلىش ئېنىق بولمىغان بىلىش. شۇڭا پەقەت ئەقلىي بىلىشكە تايىنىش لازىم. ئەقىلنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىش لازىم» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى مېتافىزىكا جەھەتتىن ئىدېئالىزمغا، فىزىكا جەھەتتىن ماتېرىيالىزمغا مايىل ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇتەپەككۇرلار، ھەتتا تەبىئەت ئالىملىرىمۇ دېكارتقا ئوخشاش قاراشنى ياقلايتتى. فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، فىزىكا، ماتېماتىكا ئالىمى، ياۋروپا ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى پاسكال (1623 ـ 1662)نىڭ پەندىن دىنغا بۇرۇلۇش كەچۈرمىشلىرى بولغان. ئۇ: «ئېتىقاد بولمىسا، ئادەملەر چىنلىق - ياخشىلىقنى بىلىشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئادالەتنىمۇ چۈشەنمەيدۇ» [23] دېگەنىدى. پاسكالغا ئوخشاشلا، نيۇتون (1643 ـ 1727)نىڭ كلاسسىك فىزىكا ئىلمى ۋە ماتېماتىكىدىكى بارلىق تۆھپىلىرى ياشلىق دەۋرىدە تاماملانغان بولۇپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ئاخىرقى ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلاھىيەتنى ئىسپاتلاش ۋە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغانىدى. نيۇتون: «خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇكەممەللىكىنى تونۇش ۋە ئىسپاتلاش ھەر بىر پەيلاسوپنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىنى خۇدا ياراتقان. تەبىئەت پەقەت خۇدانىڭ ئىلاھىي مۇكەممەللىكىنىڭ تاشقى شەكلىدۇر… ئىنسانلار تەبىئەتنى تەبىئەت پەلسەپىسى ئارقىلىق تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن ئەڭ ئاخىردا خۇدانى تونۇيالايدۇ»[24] دەپ قارىغانىدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، نيۇتوننىڭ بىر ئۆمۈر مەشغۇل بولغان ھەر خىل تەتقىقاتى ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇداغا خىزمەت قىلاتتى.

ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ گېئورگىي. بېركېلېي (1685 ـ 1753) خرىستىيان دىنى بىلىمى يېتەرلىك بولۇپ، 1734ـ يىلى ئېپىسكوپلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ: «بىز تەجرىبە ئارقىلىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلەلەيمىز... تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بولسا ئىلاھنىڭ ئىرادىسىدۇر. ئىلاھنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە دانالىقى مۇشۇنداق قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئېنىق زاھىر بولىدۇ. بىراق، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ئىلاھ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشەلمەيدۇ. بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز پەقەت سەۋەبلەرنى ئايلىنىدۇ» [25]، «بىزنىڭ بىلەلەيدىغان مەۋجۇت نەرسىمىز ئىنسانلارنىڭ قەلبى، ئادەم قەلبىدىكى كۆز قاراشلار ۋە خۇدادۇر» [26] دېگەنىدى.

ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ دىنغا، دىنىي جەمئىيەتكە كەسكىن رەۋىشتە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان بولسىمۇ، دىن مەسىلىلىرىگە كەلگەندە سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزگەنىدى. سپىنوزا (1632 ـ 1677)، روسسو (1712 ـ 1778)، گېگېل (1770 ـ 1831)لەرمۇ ئىدېئالىزمچى پەيلاسوپلار ئىدى. بۇ دەۋردىكى كۆپ ساندىكى پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىدا روھنىڭ ئۆلمەسلىكىگە ئىشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئۇلار دېكارتقا ئوخشاشلا، ئۆلمەيدىغان روھنىڭ بار- يوقلۇقى ئېتىقاد مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەقىل مەسىلىسىدۇر، دېگەن قاراشتا ئىدى. ئۇلار «خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا ناھايىتى سىستېمىلىقتۇر» دەپ قارايتتى. ئۇلار «دىندىكى بارلىق نامۇۋاپىق ئەقىدىلەرنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. چۈنكى خرىستوسنىڭ تەلىماتلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بۇنداق نامۇۋاپىق ئەقىدىلەرنى كېيىنكى چېركاۋلار دىن تارقىتىش جەريانىدا قوشۇۋالغان» دەيتتى. بۇ چاغلاردا «خۇدا ھەممىدىن ئاۋۋال دۇنيانى ياراتقان. بىراق كېيىن ئۆز جىسمىنى قايتا كۆرسەتمىگەن. خۇدا ئەڭ ئالىي مەۋجۇتلۇققا ئايلانغان. ئۇ ئىنسانلارغا پەقەت تەبىئەت ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە سىڭىشىپ زاھىر بولىدۇ. ئەكسىچە ھېچقانداق تەبىئەتتىن ھالقىغان شەكىللەردە كۆرۈنمەيدۇ» دەيدىغان «تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى» — «دېئىزم» (自然神论) چۈشەنچىسى پەيدا بولغان بولۇپ، كېيىنكى نۇرغۇن كىشىلەر دېئىزمغا ئىشىنىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

ھالبۇكى، دېكارتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە كۆپلىگەن ماتېرىيالىزمچى مۇتەپەككۇرلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ئەنگلىيە پەيلاسوپلىرىدىن توماس. ھوببس (1588 ـ 1679) تۇنجى بولۇپ «ماددىلا بىردىنبىر مەۋجۇد نەرسە» دەپ ئىلاھىيەت ۋە دۇئالىزمغا قارشى تۇرغان. مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، پەيلاسوپ ۋولتېر (1694 ـ 1778)، پەيلاسوپ دېنىس. دىدېرو (1713 ـ 1784)، ك. ئا. ھېلۋېتيۇس (1715 ـ 1771)، دېكارت فىزىكىسىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى لامېترى (1709 ـ 1751) قاتارلىق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ھوببسنىڭ قاراشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خۇداغا ئە-

شەنمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق «دەھرىيە-
لەر» دەپ ئاتاشقان بولۇپ، ۋولتېر: «بارلىق چۈشەنچە-
لەر سەزگۈدىن كېلىدۇ. دىن ئەقىلنىڭ دۈشمىنىدۇر» [27]
دەپ قارىدى. دىدېرو ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى تەجرىبە دەپ
چۈشىنىپ، تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، روھنىڭ ئۆلمەسلىكى،
بىلىپ بولماسلىق نەزەرىيەسى، دۇئالىزم ۋە سۇبيېكتىپ ئى-
دېئالىزم دېگەنلەرگە قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ: «تەبىئەت-
كۇر ماددىي دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇ-
لى. بارلىق بىلىش سەزگۈدىن كېلىدۇ» دەپ قاراپ، ئوبى-
يېكتىپ دۇنيانى كۆزىتىش، ئويلاش، تەجرىبە قىلىش ئۇ-
سۇلى ئارقىلىق تونۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ «بارلىق
دىنلار يالغاندۇر. ئەركىنلىك ئادەمنىڭ تەبىئىي
ھوقۇقىدۇر» [28] دېدى. ھېلۋېتيۇس خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ «دۇنيا ماددىي، ھەرىكەتلىك، بىلى-
گىلى بولىدۇ. ماددىي دۇنيا بىلىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى.
ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشى
ئادەمنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنىڭ
ئاساسلىق بەلگىسى» دەپ قارىدى. لامېترى: «ماددا بىر-
دىنبىر ئەمەلىي گەۋدىدۇر. ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوخشا-
شلا ماشىنا - ئۈسكۈنىدۇر. بىلىش سەزگۈدىن باشلىنىدۇ.
سەزگۈنىڭ ئوبيېكتى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ماددىي
دۇنيادۇر. ئادەمنىڭ خاراكتېرى، ئىجتىمائىي ئادەتلەر ۋە
ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى ماددىي ئامىللار بەلگىلەيدۇ»
دەپ قارىدى. ئۇ يەنە «دىن بىر خىل مۇقەددەس زەھەر-
دۇر. دىن بولمىسىلا ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ بەختلىك
بولالايدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ۋولتېر، دىدېرو،
ھېلۋېتيۇس، لامېترى قاتارىدىكى پەيلاسوپلار «ئادەملەر
ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، بىلىم ئومۇملاشقاندىن
كېيىن، ئىنسانىي ماھىيىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆلگىرىلەش بو-
لىدۇ. بارلىق غەيرىي قىلىقلار ۋە بىلمەي تۇرۇپ قىلىدى-
غان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىي ئىنسان ماھىيىتىگە
ئورۇن بوشىتىدۇ» [29] دەپ قارىدى. ئۇلار ئۆز ئەسەر-
لىرىدە يەنە ئەخلاقنىڭ دىنغا تايانمايمۇ مەۋجۇت بولۇۋې-
رىدىغانلىقىنى دەلىللەشكەنىدى. كېيىنچە بۇ خىل قاراشلار
غەربىي ياۋروپا رايونلىرىدىكى ئاساسلىق پىكىر ئېقىمى
بولۇپ قالغانىدى.

دېكارتنىڭ ئەقلىنى ئۆلچەم قىلىش تەشەببۇسى
پەننىڭ مۇستەقىل راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى
ئېنىق. بىراق 17 -، 18 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە دېكارت
پەلسەپىسىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، «دېكارتىزم»نى شەكىللەندۈرۈپ، قارمۇ-
قارشى ئىككى مەزھەپكە بۆلۈندى. بىر مەزھەپ دېكارت-
نىڭ فىزىكىدىكى مېخانىكا نەزەرىيەسىدىكى تەبىئەت قارى-
شىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماتېرىيالىزمچىلارغا ئايلاندى.
يەنە بىر مەزھەپ ئۇنىڭ مېتافىزىكا جەھەتتىكى خۇدا ۋە
روھ تەلىماتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇزۇل - كېسىل ئى-
دېئالىزمچىلاردىن بولدى. ئەمما، ئىدېئالىزمچىلار مەزھىپى
شۇ دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆر-
سىتەلمىگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تە-
بىئىي پەنلەردىكى بايقاشلار، دېموكراتىك سىياسىي، ئىنسان
پسىخىكىسى ھەققىدىكى بايقاشلار ئىنسانلارنىڭ «خۇدادىن
يۈز ئۆرۈش»نىگە كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەنىدى. كىشى-
لەرنىڭ قارىشىدا مېتافىزىكىلىق قاراشلارنى ئەمەلىيەتتە
ئىسپاتلىغىلى بولمايلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئە-
مەلىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئاز ئىدى.
ئەكسىچە پەن مەسىلىلىرىنى كۆرگىلى، ھەم ئۆلچىگىلى
بولاتتى. مېتافىزىكىلىق قاراشلار گەرچە ئاڭلىماققا يېقىم-
لىق، شېئىرىي مەنىگە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى
مەزمۇنى قۇرۇق ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشى بۇرۇندىنلا تەجرىبە پېنى-
دىكى ئىلگىرىلەش، ھۆكۈملىرىنىڭ مۇۋاپىقلىقىدىكى ئىلگى-
رىلەش بىلەن خۇلاسىلەنگەن بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر
تەجرىبە پەنلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ مۇۋاپىقلىقى ياخشى،
ئۇلار چەكسىز پايدا ئەكىلىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇلار پەن
ۋە ئەقلىيلىكنى ئىزچىل تەرىپلەپ، ئۇنى شەخس ۋە ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ مەنبەسى
دەپ قاراپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل قاراش ھەر قېتىم
ئىسپاتلانغاندا، ئەنئەنە تەنقىدكە ئۇچرايتتى. ياۋروپا مەرد-
پەتچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن ئەنئەنىنى ئىلىم - پەن، ئەق-
لىيلىك بىلەن قارمۇقارشى دەپ قاراش ئومۇملاشتى. ئەق-
لىيلىك بىلەن بىلەن ئىلىم - پەننىڭ تەرتىپ - پىروگراممىا
ئەمەلىيەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ نوپۇزى زور دەرىجىدە
ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئالاھىدە ئەنئەنىۋى ئې-
تىقاد ۋە ئادەتتىكى ئەنئەنىلەرنىڭ شەرىپىنى يوق قىلدى.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېدۋارد. شىلس
(Edward Shils، 1911 ــ 1995)نىڭ قارىشىچە، ئىلگىرى
كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىمنىڭ يې-
تەرسىز بولۇشى تەربىيە كۆرمىگەنلىك دەپ قارىلىدىغان
بولۇپ، ئەمەلىيەتتە رېئال ھادىسىلەرنى بىلمەسلىك
شۇنداق قارىلىدىغان بولدى. بىلىمسىزلىك بىلەن ئەنئەنە
باغلاشتۇرۇلۇپ، ئىككىسى ئاساسەن دېگۈدەك ياۋروپانىڭ
يىرگىنىشلىك كونا تەرتىپىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بوپقالغان-
دى. بىر تەرەپ ئەقلىيلىك ۋە پەن بىلىملىرى، يەنە بىر
تەرەپ ئەنئەنە ۋە نادانلىق بولۇپ، ھەر بىرى بىر قۇتۇپتا
تۇرۇپ ئۆزئارا سىغىشالمايتتى. تەرەققىيات تەرەپدارلىرى
شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئىنسانلار چوقۇم ئالغا قاراپ ئىلگى-
رىلىشى، ئۆز بېشىمچى ۋە ئادەمگە قىلىدىغان نوپۇزدىن
قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا پەن ئىلھامىغا
ئىگە ئەقلىيلىك ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئۇلار
ئەينى ۋاقىتتا زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ خۇراپىي ۋە
نادان ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇلار بۇ خىل
ھالەتنى خىرىستىيان چېركاۋىنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدى-
كى دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى. بىلىمسىز-
لىك، خۇراپات، چېركاۋنىڭ ئىدارە قىلىشى، دىنىي سىغ-
دۇرماسلىق، ئىجتىمائىي دەرىجە تۈزۈمى، بايلىقنى تەقسىم-
لەشتىكى باراۋەرسىزلىك، كېلىپ چىقىشى بويىچە ئېرىشىدى-
غان ئەڭ ئىجتىمائىي مەرتىۋە ئېتىبار ھوقۇقى، شۇنداقلا
باشقا پىسخىك ھالەتلەر ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ھەم-
مىسى ئەقلىيلىك تەرەپدارلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ
ئەيىبلەش ئوبيېكتلىرى ئىدى. ئەنئەنىۋىلىك مۇشۇ نەرسى-
لەرنىڭ سەۋەبكارى ياكى نەتىجىسى دەپ قارىلاتتى. ئەن-
ئەنىۋىلىك ھەر بىر كونا تەرتىپ تەنقىدچىلىرىنىڭ ھەممە
يەردە مەۋجۇت بولغان دۈشمىنىگە ئايلانغان بولۇپ، كى-
شىلەر «ئەنئەنىۋىلىك ئەقلىيلىك ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرىگە
ئورۇن بوشاتقان ۋاقىتتا، ئۇ ساقلاپ كەلگەن مۇدھىشلىق-
لارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. ئەقلىيلىك ۋە ئىلىم - پەن بى-
لىملىرىنىڭ تارقىلىشى رىم كاتولىك چېركاۋىنىڭ تەسىر كۈ-
چىنى ۋەيران قىلالايدۇ. پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھوقۇق
كۈچىنى چەكلىيەلەيدۇ. تۇغقانچىلىق ۋە قانداشلىق مۇناسى-
ۋىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن ئالاھىدە ھوقۇقنى يوق
قىلالايدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا مۇشۇ ئەنئەنىۋىلىكلەرنى
يوق قىلىش مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ كۈنتەرتىپىنىڭ بى-
رىنچى ۋەزىپىسى ئىدى، ئەنئەنىۋىلىك يىمىرىلسىلا، ئاللاھ-
دە ماھىيەتكە ئىگە ئەنئەنىلەرمۇ يوقىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر مەنىۋى كىشەنلەردىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن ئېتىقادقا، غەيرىي ئەقلىيلىككە قارشى
تۇردى. بۇ خىل قارشىلىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىيلىككە ئىشە-
نىشىدە ئىپادىلەنىدى. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى كۆز قارىشى
خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇنى پارچىلى-
نىش خەۋپىگە دۇچار قىلدى. ئەمما ئۇ ئەخلاقتىكى مۇقەد-
دەسلىكنى يوق قىلىۋەتتى، ئىلگىرى ئەخلاقسىزلىق قاتارى-
دا قارىلىدىغان نۇرغۇن قىلىقلار ئەمەلىيەتتە نورمال ئىش
دەپ قارالدى.

جىنسىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئاددىيلىشىشى غەرب ئەللىرى-
نىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ــ ئاساسلىقى دىنىي ئاڭنىڭ
سۇسلىشىش تارىخىدىن باشلاندى. چۈنكى 2000 يىلدىن
بۇيان غەربنىڭ جىنسىي ھەرىكەتكە بولغان مۇئامىلىسى ئا-
ساسلىقى خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ،
گەرچە ئوخشىمىغان مەزھەپلەردە جىنسىيەتنىڭ تۇرمۇشتى-
كى ئورنىغا قارىتا ئوخشىمىغان قاراشلار بولسىمۇ، ئاساس-
لىق ئورۇندىكى قاراشتا، نەسىل قالدۇرۇشتىن باشقا
جىنسىي پائالىيەتنىڭ مۇۋاپىقلىقى كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى
قوزغايتتى. بۇ خىل قاراش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ جىنسىيەتكە
بولغان زىيادە سەزگۈرلۈكىنى پەيدا قىلغانىدى. لوندۇن
ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، دۇنياغا داڭلىق جەمئىيەت-
شۇناس ئانتونىي گىددىنس (Anthony Giddens)نىڭ قا-
رىشىچە، كېيىن نۇرغۇن ئادەملەر چېركاۋنىڭ كۆز قاراشلى-
رىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى قارشى تۇرىدىغان بولدى.
كىشىلەر دىنىي نوپۇز مەنئى قىلغان بۇزۇقچىلىق - زىنا
ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولدى. توي قىلىش ئارقىلىق ئاندىن
جىنسىي قانائەت ئىزدەش كېرەك، دەيدىغان كۆز قاراش
سۇسلاشتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە،
بۇنداق ئەركىن قاراش تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. خىرىستى-
يان دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەر
تويدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىشى-
نى نورمالسىزلىق دەپ قارىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بىر
قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلدى،
ھەتتا تويدىن بۇرۇنقى جىنسىي قىلىقلارغا ئىلھام بەردى.

ئېدۋارد شىلىس ياۋروپانىڭ ئەنئەنىدىن ئايرىلىپ، ئەقلىيلىشىش يولىغا قەدەم بېسىشىنىڭ سەلبىي تەرىپى ھەق-قىدە ئەپسۇسلىنىپ: «يوروۋقلۇقلا ئىنتىلىپ، زۇلمەتكە قارشى تۇرىدىغان تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ پارلاق بىر تارى-خى بار. ئۇلار ئىنسانلارغا نۇرغۇن ئۇتۇق ئاتا قىلدى. بىراق يېقىندىن بۇيان ئۇمۇ خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى. ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنىڭ پىروگراممىسىنى ئەمەلگە ئا-شۇردى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. ھالبۇكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى جىمجىت رەۋىشتە قوبۇل قىلىۋاتقان پەيتتە،... ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەرەپلىرىمۇ بارا ـ بارا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى... ئۇ يېتىشتۈرگەن ئەقلچىلىك ۋە پەنچىلىكنىڭ چاكىنىلىقى شۇكى، «ئەنئەنە» دېگەننى ئاغ-سىلا غەزىپىنى باسالمايدۇ. تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنئەنە تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدى-غان، ئىلىم ـ پەن ۋە ئەقلىنىڭ ئىنسانىيەت ئىشلىرىدا قوللى-نىشقا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ… ئۇلار ئەنئەنىنى رەت قىلىدۇ» [30] دەپ يازى-دۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىما-ئىي پەنلەرگە بولغان تەسىرى بەك زور بولۇپ، كېيىنكى ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئەنئەنە بىلەن زور ئىشلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالدى. رېئالىزملىق ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بولسا، ئەنئەنىنى تىلغا ئالمىدى. «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، تارىخشۇناسلار ۋە ئىنسان-شۇناسلار، ئەنئەنە ھەققىدە ئويلانمىدى. ئۇلار يېقىنقى ۋە ھازىرقى جەمئىيەتكە يېقىنلاشقانسېرى، ئەنئەنىنىڭ تەسىرى-نى شۇنچە كۆرەلمىدى… ئەنئەنىۋىلىك ھەر خىل ئېتىقاد، ھەرىكەت ۋە تۈزۈملەردىكى خۇسۇسىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشقا شەيئىلەرگە سىڭىپ كەتتى.» [31]

دىن بىلەن سىياسىي ئايرىلغان ھاكىمىيەت ئەندىزىسى-نىڭ مۇكەممەللىشىشى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي پرىنسىپ ۋە پوزىتسىيەلەرنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ دىنغا بەلگىلىك تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقانلى-قىنىڭ ياخشى نەتىجىسى. ھالبۇكى ئىنسانلار تەبىئەت دۇنيا-سىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىلىك مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرى بار. بۇنى پەننى قورال قىلىپلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى دىننى چەتكە

قېقىپمۇ ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ، بولۇپمۇ ئەخلاق مەسىلە-سى شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

دەرۋەقە، پەن كىشىلەرگە بەختنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئەمەلىي ئىسپاتلاش شەكلى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ دەرىجىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كىشىلەر پەننىڭ نۇرى بىلەن ئالدىدىكى چەك-سىزلىكنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىد-ۋار پوزىتسىيەدە بولىدۇ. ھالبۇكى پەن ئىنسانلارنى تەبى-ئەتنى بويسۇندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئازادە تۇرمۇشقا، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ماددىي باياشاتچىلىق-قا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۇرۇش، ۋابا، مۇھىت بۇلغىنىش، چەتكە قېقىلىش... كەبى ئازابقا دۇچار قىلدى. دېمەك، پەنمۇ كىشىلەرگە ئەلتۈكۈس بەخت ئېلىپ كېلەلمىدى.

ئادەم مەنىۋى ۋە ئەقلىي مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئەقىل ئادەمنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن پايدىلىنىش، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋەقەلەرنى كونترول قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە سەل قارىغىلى بولمايدىغان نەتىجىلەرگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، تارىخ ئۇنىڭ زىيادە ئەقلىي تەرەپكە بۇ-رالسا، نوقسان كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەنى بىرىن-چىدىن، ئەقىل ئادەمنى ئومۇمىي توپنىڭ ئەمەس، پەقەت شەخسەن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىلا كۆزلەشكە مايىل قىلۋەت-تى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي توپنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇقەررەر ئاجىزلىدى ۋە پارچىلاندى. ئومۇمىي توپ ھاياتلىقىنىڭ نې-گىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە پارچىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىمۇ تۈگىدى؛ ئىككىنچى-دىن، ئەقىل ئادەمنى ئۆلۈم ـ يېتىمنى تونۇيالايدىغان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ھايات مەۋجۇتلۇق-نىڭ سىرلىقلىقى، ئەھمىيىتى ئاساسەن يوقالدى.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئەخلاق، قانۇن، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئاڭ فورمىسى قاتارلىقلار دىنغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، دىن ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆ-زىگە جەملىگەن بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدى. بىراق كېيىنكى دەۋرلەردە، مەدەنىيەت سىستېمىسى بۆلۈنۈشكە باشلىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سىياسىي بىلەن دىن، ئەخلاق بىلەن دىن، قانۇن بىلەن دىن قاتارلىقلار بۆلۈنۈپ كەتتى. ئېنىقكى ھازىر دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ قەدىمـ

كى دەۋردىكى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ.
شۇڭا بىز شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، «بىرىن-
چىدىن، دۇرۇس، ياخشى بولغان دىنىي ئېتىقاد شەخسنىڭ
ئەخلاق شەكىللەندۈرۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى بىر
خىل ئەخلاقىي ئۆلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىن ئەخلاق-
نىڭ دەسلەپكى باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. بىر خىل تەشكىلىي
پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىنىي ئېتىقاد ئېتىقادچى-
نىڭ ئەخلاقىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بىر
تۈرمۇش شەكلىدۇر.» [32] «ئىككىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد
شەخسنىڭ ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىشىغا پايدىلىق.
دىنىي ئېتىقاد ئەخلاقىي ئېتىقاد پەيدا قىلىدۇ. ئەخلاقىي ئې-
تىقاد ئەخلاقىي ئىرادىگە بويسۇنىدۇ…» [33] گاۋ جاۋمىڭ
ئېيتقاندەك: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر ئادەمدە دىنىي ئېتى-
قاد بولسا، تاشقى دۇنيانىڭ چەكلىمىسى يىمىرىلگەن تەق-
دىردىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى ‹مۇداپىئە
سىزىقى› بولۇپ، ئادەم بۇنىڭ ئەڭ نېگىزلىك مىزانلى-
رى ۋە ھەرىكەت ئۆلچەملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، نەپ-
سىنى دەپ يەڭگىللىك بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ.» [34]
«ئۈچىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئېتىقادچىلار كۆپ سانلىقنى
ئىگىلىگەن جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە
پايدىلىق.» [35]

بىراق ئەسكەرتىش كېرەككى، بىرى، دىنىي ئېتىقادتى-
كى بۇ خىل پايدىلىق تەرەپلەر شەرتلىك بولىدۇ. يەنى،
ۋايدخېد كۆرسەتكەندەك، «دىن ـــ ئادەمنىڭ تەنها ياشى-
غان چېغىدىكى تەجرىبىسى. مۇشۇنداق تەنھالىق تەجرىبى-
سى بولمىسا، دىنىي تۇيغۇسى بولمايدۇ. كوللېكتىپ دىنىي
تەلۋىلىك، تەرغىبات پائالىيىتى، ھەر خىل دىنىي ئادەتلەر،
ھەر خىل دىنىي جەمئىيەتلەر، مۇراسىم، سۇترالار ۋە ھەرى-
كەت مىزانلىرىنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ لىباسلىرى بولۇپ،
مۇقىمسىز بولغان تاشقى شەكىلدۇر. ئۇلار پايدىلىق بولۇ-
شىمۇ ياكى زىيانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. نوپۇزدارلار
ئۆچۈن بەلگىلەنگەن بولۇشىمۇ ياكى ۋاقىتلىق تەدبىر بو-
لۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق دىنىنىڭ مەقسىتى بۇلارنىڭ ھەممى-
سىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. دىن شەخس پەزىلىتىنىڭ
قىممەت بىخ ئېتىزى. بۇ خىل قىممەت ئىجابىي بولۇشىمۇ،
سەلبىي بولۇشىمۇ مۇمكىن.» [36] دېمەك، «ھەر بىر
ئادەم، ھەر بىر مىللەت ۋە ھەر بىر جەمئىيەت توغرا ئېتى-
قادقا موھتاج.» [37] دىنىي ئېتىقادتا تەكىتلىنىدىغان ئىجتىما-
ئىي ئەخلاق كىشىلەرنى قىڭغىر يولغا باشلايدىغان، پەنىگە،
جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە قارشى بىدئەت بولىدىكەن،
ئۇنداق ئېتىقادنىڭ ياخشى ئەخلاق ئۈنۈمى بولمايلا
قالماي، بەلكى يەنە كۆرۈنمەس دۈشمەنگە ئايلىنىپ قال-
دۇ. يەنە بىرى، مۇبادا توغرا ئۇسۇل ۋە ياخشى پىسخىك-
لىق ھالەت بولمايدىكەن، دىنىي ئېتىقاد ياخشى ئەخلاق
ئۈنۈمىگە ئىگە بولالمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل
ئەھۋالدا، دەھرىي ئەخلاق تەلەپلىرى يەنىلا دىنىي ئەخلاق-
نىڭ ئورنىغا دەسسىشى كېرەك بولىدۇ. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد
بىلەن ئەخلاقنى مۇستەقىل ئىككى ئۇقۇم دەپ قارىغۇچى-
لارنىڭ پىكرىنىمۇ ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ.

دەرۋەقە، دىن بىر خىل كۈچ. بىر خىل ئېتىقاد ئەخ-
لاقى مەدەنىيىتى، بىراق ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل
شەكىلدىكى دەھرىي ئەخلاق مەدەنىيىتىمۇ بار. بولۇپمۇ
جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ دەھرىيلىشىشىگە ئە-
گىشىپ، دەھرىي ئەخلاق مەدەنىيىتىمۇ بارغانسېرى تەرەق-
قىي قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيەلەش رو-
لىمۇ زورىيىۋاتىدۇ، مۇھىملىقىمۇ ئۆسۈۋاتىدۇ. دىن تارىخ-
تىن بېرى كۆپلىگەن ئەللەردە ئەخلاق تەربىيە ئېلىپ بې-
رىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر شەكلى بولۇپ كەلگەن. بىراق
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن دەھرىي ئەخلاق شەكىللىرى
بار. مەسىلەن، دەھرىي بولغان مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە
تەربىيەسى، ئىجتىمائىي ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت
قاتارلىقلار. دىن ئەخلاقنى قوبۇل قىلىش، ئەخلاق مىزانلى-
رىغا رىئايە قىلىش، ئەخلاق تەلەپلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشنى
ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلەرنىڭ بىرى. بىراق ھازىر بۇ
خىل رولنى ئۆتەيدىغان يەنە باشقا كۈچلەرمۇ بار. مەسى-
لەن، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، ئەخلاققا نىسبەتەن
شەخسنىڭ ئۆزىدە ئەسلىي بار بولغان ئەقلىي ئىشەنچىسى
ۋە جەمئىيەتنىكى سىياسىي، قانۇن، تۈزۈم، ئەدەبىيات،
سەنئەت قاتارلىقلار. دىنىي ئەخلاق تەلەپلىرىمۇ بەلگىلىك
چەكلىملىككە ئىگە: بىرى، ئۇنىڭ تەسىر ئوبيېكتلىرى ئې-
تىقادچىلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغا
بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھازىر دىنلاردىكى
نۇرغۇن ئەخلاق تەلەپلىرى دەھرىي ئەخلاقنىڭ مەزمۇنىغا
ئايلىنىپ، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كى-

شىلەر نەزەرىدە دېموكراتىك، مەدەنىيلەشكەن، دەپ قارىـ
لىدىغان بىر قىسىم دۆلەتلەردە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئادەم بەك كۆپ ئەمەس. «%90 ئامېرىكىلىق دىنغا ئىشىـ
نىدۇ. بۇ نىسبەت كانادادا %71، ئەنگلىيەدە بولسا %52،
دانىيە بىلەن شۋېتسىيەدە ئاران %20 كە يېقىنلىشىدۇ.» [38]
دېمەك، ئاشۇ دۆلەتلەرمۇ دەھرىي ئەخلاققا تايىنىدۇ. يەنە
بىرى، ئۇنىڭ تەسىرىمۇ غايىدىكىدەك ئۇزۇل - كېسىل
بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى كىشىلەردىمۇ ئۆز-
لىرى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ ئەخلاق تەلەپلىرىگە خىلاپ
ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال ھو-
قۇقدارلاردا ۋە ئېتىقادقا يۈرىكى بىلەن كىرمىگەن ئاۋامدا
گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دىنمۇ ئەدەبىيات-
سەنئەت، سىياسىي قاتارلىق باشقا مەدەنىيەت شەكىللىرىگە
سىڭىشىپ ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا تېخىمۇ ياخشى
تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. چۈشىنىش كېرەككى، بۇنداق دېگەن-
لىك دىنىي ئەخلاقنىڭ ئۈنۈمىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس،
بەلكى بۇ يەردە ئەخلاقىي تەسىرنىڭ كۆپخىللىقىنى كۆر-
سىتىش مەقسەت قىلىنغان.

دىن قويۇق گۇمانىتار (ئىنسانپەرۋەر) روھنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان، بۇ خىل روھ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ئىنتىلىش
تىكلىشى ۋە ئەخلاقىي قىممەتكە ئىنتىلىشنى ئىلگىرى سۈ-
رىدۇ. «ئەخلاق مۇقەددەسلىشىشكە موھتاج» [39]، «مۇ-
قەددەسلىك — دىنىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى» [40]
بولۇپ، «دىنىنىڭ مۇقەددەسلىكى ئەخلاقنىمۇ مۇقەددەس-
لىك ئاتا قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مۇقەد-
دەسلىك تۇيغۇسى ھاسىل قىلىپ، ئەخلاقنى خىلاپلىق قىلغى-
لى بولمايدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ.» [41]
«دىنىنىڭ مۇقەددەسلىكى ئەدەپ - ئەخلاققا ئۈنۈم پەيدا
قىلىدۇ.» [42]

ئەگەر ئىلگىرىكى ئەنئەنىلەر (دىنىي ئېتىقادنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) ئەخلاق مەزمۇنلىرىغا تېخىمۇ جىپسىلاشسا
(ئەلۋەتتە ھەممە ئەنئەنە ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ)، باشقا
ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىمۇ ئەنئەنىدىن يىراقلىشىشقا مەلۇم
دەرىجىدە باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغان-
دا، غەربنىڭ بۇ سىنىقى بىز ئۈچۈن دۇنياۋى ئۈرنەكتۇر.

6. جۇڭگو: سىياسىي ئەخلاق

مەلۇمكى، جۇڭگو دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئالغاندا،
دۇنيادا يېگانە خاسلىققا ئىگە. داۋ دىنى بىلەن كۇڭزىچىلىق-
نىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى جۇڭگو ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ ئۆل-
چىمىدۇر. ئەخلاق مەسىلىسىدە ھەتتا كۇڭزىچىلىق داۋ
دىنى ئىلاھىيىتىنىڭمۇ مۇھىم مەنبەسى ئىدى. كۇڭزىچىلىق
جەمئىيەت پادىشاھ - ئەمەلدار (چۆرە)، ئاتا - بالا، ئەر-
ئايال، قېرىنداشلار، دوستلاردىن ئىبارەت بەش خىل ئۆز-
گەرمەس قانۇنىي مۇناسىۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ دەپ قا-
رايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مېھرىبانلىق (仁慈,仁)، ھەققانى-
يەت (正义,义)، قائىدە - يوسۇن (礼仪,仪)، بىلىم
(学识,智囊团)، سادىقلىق (信义,信) كۇڭزى تەرەپ-
دارلىرى ئىتائەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان
ئەخلاقتۇر.

جۇڭگودا كۇڭزى تەلىماتى كۇڭزىچىلىققا ئۆزگەرگەن
ھەمدە باشقا ھەر خىل ئىلمىي ئېقىملارنى تۆۋەن كۆرۈپ
يەكلىگەن. خەنۇۋدى (م ب 86 — م ب 157) دەۋرىدىكى
مۇتەپەككۇر دۇڭ جۇڭشۇ (董仲舒، م ب 104 — م ب 179)
كۇڭزى تەلىماتىنىلا ياقلاپ چىققان بولۇپ، ئۇ كۇڭزىچى-
لىقنىڭ تەلىمات، ئىدىيەلىرىنى ھۆرمەتلەشنى، باشقا ئىلمىي
ئېقىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ۋە بۇ
پائالىيەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. دۇڭ جۇڭشۇ پادىشاھ -
پۇقرا، ئاتا - بالا، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىنى تاللىۋېلىپ،
ئۇنى «ئۈچ ئەركان» (三纲، ئۈچ مىزان) دەپ ئاتىغان.
بۇ «بەش ئەھكام» (五常، بەش قائىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.
«ئۈچ مىزان، بەش قائىدە» ئىدىيەسى داۋ دىنى ئەخلاقى-
نىڭمۇ ئاساسىغا ئايلانغان. دېمەك، جۇڭگودا دىنىي
ئەخلاق بىلەن دەھرىي ئەخلاق تەلىپى ماھىيەتتە بىردەك-
لىككە ئىگە.

ئىلاھىي ھوقۇق، پادىشاھلىق ھوقۇقى، ئەرلىك
ھوقۇق (ئەرلەر ئۇرۇقداشلىق ۋارىسلىق ھوقۇقى)، ئاتى-
لىق ھوقۇقنى بىللە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىستىبداد ئىلاھ-
يەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش دۇڭ جۇڭشۇ ئىدىيەسى-
نىڭ يادروسى ئىدى. ئۇ: «ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ‹ئىلاھ
(تەبىئەت) بىلەن ئادەملەرنىڭ تەسىرى نەزەرىيەسى›
(天人感应学) ‹پادىشاھلىق ھوقۇقنى ئىلاھ (تەبىئەت)
بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا، يەكلەشكە بولماي-
دۇ› دەپ قارايتتى.» [43] كۇڭزىچىلىق ئەنئەنىۋى ئەخلا-
قىدا مېھرىبانلىق، ھەققانىيەت، بىلىمگە ئوخشاش باي مەزمۇن-

لار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق قارىشى ئېغىر دەرىجىدە كەم ئىدى. ئەمما تەبىئىيكى، دۆلەت جۇڭگونىڭ بۇنداق قارىشىنى مەنسەپدارلار قارشى ئالاتتى. شۇڭا، غەربىي خەن دەۋرى (م ب 9 ـ م ب 202) دىن كېيىن، كۇڭزىچىلىق جۇڭگولۇقلارنى 1800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىدارە قىلغانىدى. «پادىشاھلىق مۇستەبىت جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان، ھەتتا ئىنسان تەبىئىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان يۇقىرىغا بويسۇنۇش ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. بۇ خىل ئەخلاق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قارىغۇلارچە بويسۇنۇش پەيدا قىلاتتى.» [44] «پادىشاھ ـ چۈرىلىك مۇناسىۋەت (سادىقلىق)، ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى (ۋاپادارلىق)نى يادرو قىلغان كۇڭزىچىلىق يېڭى ـ كونا سۇلالە ئارىسىدا يەتكۈزۈلىدىغان ئىرسىي ئۇچۇرنىڭ «مەخپىي نومۇرى» ئىدى.» [45]

جۇڭگودا بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادنىڭ بولماسلىقى، ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتەلمەسلىكى دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئورنىغا سىياسىي ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى، ئەدەپ ـ قائىدە ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا جازا ئارقىلىق باشقۇرۇشنى، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى دەسسىتىشتەك ئالاھىدە ھاكىمىيەت فورمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقاد بولماسلىقى سەۋەبلىك ئەخلاقىي ئاڭ سىياسىي ساھەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىيسىدا مۇستەقىل بىر تۈزۈمنى يېتەرسىز قىلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھوقۇقى تەڭداشسىز بولغان مۇستەبىتلىك ئەخلاقتىن ئۆزىگە باشپاناھ تاپقان. بىراق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە مۇقەددەسلىك تۇيغۇسىدا ئورناشمىغان دەھرىي ئەخلاقنىڭ ئۈنۈمىمۇ بەك يۇقىرى بولمىغان. مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، «ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدىكى لۇشۈن» دەپ تەرىپلىنىدىغان ماۋ يۇشى ئەپەندى: «بەختكە يارىشا كۇڭزىچىلىقتا مۇرەسسە ـــ مادارا يولى تەشەببۇس قىلىنغان. بولمىسا جۇڭگولۇقلار يەنە تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولاتتى» [46] دەپ يازىدۇ.

ئەنئەنىۋى جۇڭگو جەمئىيىتى ئاڭ مەدەنىيىتى جەھەتتە دەھرىيلىككە مايىل بولغاچقىمۇ ئېيتاۋۇر، كىشىلەردە پەردىشەپ كەم بولغان، جىنسىيەت خېلىلا ئوچۇقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ھەقتە تەيۋەنلىك تەتقىقاتچى لى ئاۋ: «جىنسىي مۇھەببەت جەھەتتە، ئەجدادلىرىمىزدا جىنسىي كۆندەشلىق قارىشى، دىيانەت، پاكلىق، ئېيىت قارىشى، نومۇس قارىشى، تۇغقان، ئاتا ـ بالىلىق قارىشى، رومانتىك مۇھەببەت قارىشى قاتارلىق بەش خىل قاراش كەم بولغان» [47] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە جۇڭگولۇق دانىشمەنلەر «يېمەك ـ ئىچمەك، ئەر ـ ئايالىلىق (جىنسىي تۇرمۇش)نى ئادەمنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى» دېگەن ئىدى. بۇ خىل قاراشتىن تەبىئىيلا «ئەر ـ ئايالىلىق ئىشى يېيىش ـ ئىچىش ئىشى بىلەن ئوخشاش» دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، يېيىش ـ ئىچىش دېگەن پۈتۈنلەي ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان ئىشتۇر. تارىختا جۇڭگودا ئاياللارنىڭ ئورنى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەركىن سۆيۈشىگە ئەمەس، پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تايانغان. بىز جۇڭگونىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن مەدھىيەلەشكە بولىدىغان مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى، ساپ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى بىۋاستە ئۇچرىتالمايمىز.

ئىسپاتلىنىشىچە، دۇنيا تارىخىدا ماراكەشلىك بىر پادىشاھنىڭ 700 دىن كۆپرەك بالىسى بولغان. ئەمما «جۇڭگونىڭ بىرىنچى پادىشاھىنىڭ بولسا 3000 دىن ئارتۇق بالىسى بولغان.» [48] بىر ئايال 20دىن تۇغىدى دېگەندىمۇ، 150 ئايال، بۇ ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدۇ. ئەمما، بۇ، جۇڭگودا جىنسىيەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەڭ قاتاردا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، قانچىلىك كۆپ خوتۇنى (ئاشنىسى) بولۇش ئەمەلدارلارنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن.

دىنىي ئېتىقادنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن ئەخلاقسىزلىق ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپرەك بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان تەتقىقاتچىلارمۇ خېلى بار. داڭلىق مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، پېداگوگ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى لياڭ شۇمىڭ (梁漱溟، 1893 ـ 1988) «ئاساسەن دېگۈدەك دىن بولمىغان كىشىلىك ھايات ـــ جۇڭگو كۇلتۇرىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر» [49] دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مۇنداق يازغان: «جۇڭگونىڭ

غەربىي شىمالى (مەسىلەن، گەنسۇ) قاتارلىق خۇيزۇلار
بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا،
ئىستىل ۋە ئىنتىزام ئىككى خىل بولغان. خۇيزۇلار ئەپيۇن
چەكمىگەن، تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ياخشى ئادەتلەر بولغان.
خەنزۇلار ئەپيۇننى بەزىدە چەككەن بەزىدە چەكمىگەن،
چەككەنلەر كۆپرەك بولغان. ئادەم ئەپيۇن چەككەندىن
كېيىن يالقاۋلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نامراتلىشىدۇ، نۇرغۇن
يېتەرسىزلىك شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى خۇيـ
زۇلاردا دىنىي ئېتىقاد بار. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دىنىي قائىـ
دە دائىرىسىدە بولىدۇ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نازارىتىدە
بولىدۇ، ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلالمايدۇ. خەنزۇلار
گەرچە ئاتاقتا كۆڭ ئەۋلىيانى ھۆرمەت قىلسىمۇ، ئۇلاردا
دىنىي بۇيرۇق، دىنىي قائىدە، دىنىي پىرىنسىپ، دىنىي
جەمئىيەت تەشكىلاتى يوق. خالىسا كۆڭ ئەۋلىيانىڭ گەپلىـ
رىنى ئاڭلاپ قويىدۇ، خالىمىسا ئۆز ئىختىيارى ئىش قىلىـ
دۇ، بىراق نۇرغۇن ئادەم چۈشكۈنلەشكەن.» [50]

غەربتە، شەخسچىلىك ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدىـ
غان قىممەت قاراشتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى شەخسنىڭ تۇپ
ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش،
ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ تۇپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى
ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما جۇڭگودا بۇ ئۇقۇم نەپـ
سانىيەتچىلىك، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ئاچ كۆزلۈك
قىلىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىغا ئايلىنىپ قالغان. شەخسچىـ
لىككە بولغان زەربە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى
قارا يىللاردا يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ جەـ
ھەتتىكى قىممەت قارىشى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىت ـ چىت
قىلىندى. ئازغىنا دىنىي ئېتىقادىمۇ قارىغۇلارچە يوقىتىلىشقا
دۇچ كەلدى. نەنچاڭ ئاۋىياتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن زېڭ
گۋاڭلي مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىـ
رى زىيادە سولچىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، بىز ھەمىشە ماـ
تېرىيالىزم، ئاتېئىزم (دەھرىيلىك، خۇداسىزلىق)نى بىر تەـ
رەپلىملىك بىلەن تەكىتلىدۇق. ماركسىزملىق دىن قارىشىـ
نى ئاددىي، بىر تەرەپلىمە، ھەتتا خاتا چۈشەندۇق. دىنغا
نىسبەتەن ئومۇمىي جەھەتتىن بىر خىل ئىنكار قىلىش پوـ
زىتسىيەسىدە بولدۇق. ھەتتا دىنلارنىڭ ھەممىسىنى ‹ناداـ
لارچە قىيۇداللىق خۇراپات›قا چىقىرىۋەتتۇق. شۇنىڭ
بىلەن دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئىنكار قىلىپ،
دىن بىلەن ئەخلاق ئارىسىدىكى بىردەكلىك مۇناسىۋىتىنى
ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈپ تاشلىدۇق. كىشىلەر ئاشقۇن ۋاـ
ستىلەر ئارقىلىق دىننى يوقاتتى، دۆلىتىمىزنىڭ دىن ئىشلىـ
رى بىر مەزگىل ناھايىتى زور زەربىگە ۋە ھالاكەتكە
ئۇچرىدى.» [51]

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ
دىنغا بولغان تونۇشىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولدى. زېڭ
گۋاڭلي ئېيتقاندەك، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن،...
پارتىيەمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىن سىياسىتى تەدرىجىي
ئىجرا بولدى. مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملار ھۆرمەت قىـ
لىندى، كىشىلەرنىڭ دىن ۋە دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىـ
ۋىتىگە بولغان كۆز قارىشى، چۈشەنچىسىدە ئۆزگىرىش
بولۇپ، دىنغا نىسبەتەن دىيالېكتىك مۇئامىلە قىلىشقا،
دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمىنى دىيالېكتىك تەھلىل قىـ
لىشقا باشلىدى. ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش شۇكى، دۆلىتىـ
مىزدە نۆۋەتتە خېلى بىر قىسىم ئادەم توغرا دىنىي ئېتىقاد
ئېتىقادچىلارنىڭ ئەخلاق شەكىللەندۈرۈشكە، جەمئىيەتنىڭ
ئەخلاق ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا نىسبەتەن بەلگىلىك
ئاكتىپ رولى بار دەپ قارايدۇ.» [52]

ھالبۇكى ئادەمدە ئاڭ، ئېتىقاد شەكىللىنىدىغان ھالقىـ
لىق مەزگىللەر بولىدۇ. شۇ مەزگىلدىن كېيىن، ئۇنداق ئېـ
تىقادلارنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى تونۇپ يېتىلسىمۇ،
يۈرەكتىن ئورۇن ئېلىشى تەس. سىز بۈگۈنكى كۈندە
نەچچە يىل ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بىراۋدىن
(دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان) «خۇدا بارمۇ» دەپ سورىسىـ
ڭىز، «ماڭا نىسبەتەن پۇل ـــ خۇدا. چۈنكى، پۇل بولسا
جىق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

زېڭ گۋاڭلي جۇڭگولۇقلارنىڭ دىن بىلەن ئەخلاقـ
نىڭ مۇناسىۋىتىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقى سەۋەبلىك، دىن
بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈرلۈكـ
نى ئەسلىتىپ مۇنداق يازىدۇ: «...ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشـ
تىن بۇرۇن، بىزنىڭ دىنغا بولغان بىر تەرەپلىمە تەشۋىقاتىـ
مىز كەڭ خەلق قەلبىدە دىنغا نىسبەتەن نۇرغۇن خاتا چۈـ
شىنىش شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان بىر تەـ
رەپلىمە كۆز قاراش پەيدا قىلدى. دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ
مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىمۇ رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغان
نۇرغۇن ئىدىيەۋى تونۇش ۋە چۈشەنچىلەرنى، ھەتتا

ئۇرغۇن زىيانلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى بارلىققا كەل-
تۈردى. دىن ۋە دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالا-
قىدار بۇ خىل خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە ئىدىيەۋى تونۇش-
لارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كې-
يىنكى دىن ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، دىننىڭ ئاكتىپ
ئەخلاقىي ئۈنۈمىنىڭ جارى بولۇشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن
پايدىسىز.» [53]

ئۇنىڭ قارىشىچە، «دەھرىيلىشىشنىڭمۇ دەھرىيلىشىش-
كە ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان مەنپىي تەسىرى بار. ئۇ چا-
كىنىلىشىش، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىش قاتارلىقلارنى
«تۇغۇپ» كۆپەيتىدۇ. راھەتپەرەسلىك، پۇلغا چوقۇنۇش،
مەنپەئەتپەرەسلىك قاتارلىقلارنىڭ دەھرىيلىشىشنىڭ
پاسسىپ ئىپادىلىرىدۇر. ئۇنىڭ يەنە شەھۋەتپەرەسلىك،
ئېپسىل تاۋار ئىستېمالى، ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارغا
زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش
ئاشقۇن ئىپادىلىرىمۇ بار.» [54] زىبىڭ گۇاڭلېنىڭ قارىشى-
چە، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جۇڭگو جەمئىيىت-
نىڭ دەھرىيلىشىشى مەدەنىيەت ئىنقىلابى سىياسىتىنىڭ ئى-
دىيەۋى بۇلغانمىلىرىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، جەم-
ئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن يول ئاچتى. بۇنداق دەھ-
رىيلىشىش چوڭ دولقۇنى بولمىغىنىدا ئىدى، بىز مەدەنى-
يەت ئىنقىلابى سىياسىتىنىڭ «ئەرۋاھ»ىدىن قۇتۇلۇپ،
شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقى ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ تارى-
خىي ئىلگىرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىقىمىز تەس بولاتتى.
مۇشۇ خىل دەھرىيلىشىش جەريانى ئارقىلىق، جۇڭگو
خەلقى ئىدىيە ئازادلىقىغا ئېرىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەش يولىغا قايتىدىن قەدەم باستى، سىنىپىي سىياسىي
تۈگىگەندىن كېيىنكى شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقى ئە-
مەلگە ئاشتى. يەنى، ئۆتمۈشتىكى سوتسىيالىزم نامىدا كۆ-
رۈلگەن ۋە مەۋجۇت بولغان، شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە
ئەركىنلىكى بولمىغان خەلق كوممۇناسىنىڭ كوللېكتىپ ئىش-
لەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىدىن قۇتۇلۇپ، شەخس مۇس-
تەقىل ۋە ئەركىن بولغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەك-
لىگە ئىگە بولدى... بىراق، پاسسىپ تەرەپتىن قارىغان-
دا،... كىشىلەر ئارزۇ - نەپسىنىڭ قانائىتى ئۈچۈن چىرىك-
لىك يولىغا ماڭدى. قىسمەن ئەمەلدارلار جامائىتى ۋە
ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى چىرىكلەشتى، پۇقرالار ئارى-
سىدىمۇ چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى بولدى.» [55]

ئەنجىلىك پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇل-
تېتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورى، پەلسەپە
دوكتورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى گاۋ جاۋمىڭ
(高兆明، 1954ـ) مۇنداق دەيدۇ: «دىن ئەنئەنىسى يې-
تەرسىز مىللەتتە، ئېتىقادنى ئۇل قىلغان ئاۋامىي روھ ۋە
ھەرىكەت تەلەپچانلىقى يېتەرسىز بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ
قاتتىق ئۆلچەم تەلەپلىرى ۋە تۈزۈملەرنىڭ كونتروللۇقى
بوشاپ قالغان، بىكار قىلىنغان ۋاقىتتا، «ئاخىرقى سىزىق»
تىكى ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ كەملىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىد-
غان، ئىجتىمائىي قائىدىلەرنى بۇزۇشتەك بىر قەدەر ئومۇم-
لاشقان تەرتىپسىزلىك، قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرى
كۆرۈلىدۇ.» [56] «ئېتىقاد ــ كىشىلىك ھاياتنىڭ يۆلەن-
چۈكى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل
شەكلى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ گەۋدىلىنىشى.» [57] ئېتىقاد
ئەخلاقنىڭ ئوق يىلتىزى. چۈنكى «دىنىي تۇرمۇشنىڭ مەر-
كىزىي نىشانى مۇقەددەس كۈچ، مۇقەددەس ئەخلاقنى
چۈشىنىش ۋە باشتىن كەچۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلاھىي ئىرادە ياكى ئاخىرقى قانۇ-
نىيەتنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر.»[58]
شۇڭىمۇ، ئەينى دەۋردە لياڭ چىچاۋ (梁启超، 1873 ـ 1929)
ئەپەندى: «ئېتىقاد مۇقەددەستۇر» [59] دېگەن.

دۇنيا يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىي باسقۇچىغا
كىرگەندىن كېيىن، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك،
دىن تەدرىجىي رەۋىشتە كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ
قويدى. بۇ بىر ئەمەلىيەت. بىراق بەزى كىشىلەر يەنىلا
دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. بۇمۇ بىر
ئەمەلىيەت. دىنغا قارىتا كۈچلۈك تەنقىدىي قاراشتىكى
گېگانت شەخسلەرمۇ، دىنغا قەتئىيلىك بىلەن ئىشەنگەن
ئۇلۇغ شەخسلەرمۇ بولدى. ئېتىقادچىلار «دىن ئىنسانلار
قەلبىنى تەسەللى ۋە مەنىۋىيلىق تۇيغۇسى بىلەن تەمىن ئې-
تىدۇ» دەپ قارىسا، دەھرىيلەر «دىن ئىنسانلارنى زەھەر-
لەيدىغان ئەپيۇن»، «دىن ئىنسانلارنىڭ بىلىشى مۇكەممەل
بولمىغانلىقتىن پەيدا بولغان. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ بىلىشى
مۇكەممەللەشكەن بىر كۈنى ئۇلار دىندىن يىراقلىشىپ، پۈ-
تۈنلەي ئەقلىي بولغان، ھەممىدە بىلىمگە تايىنىدىغان
دەۋرنى باشلايدۇ» دېيىشتى.

ئايانكى، دىن ئىنسانلار ھاياتىدا ئۇلارنىڭ باشقا
ھەرقانداق تۇرمۇش شەكلىدىن ھالقىپ كېتىدۇ ۋە باشقا
ھەرقانداق مەنىۋى شەكىل ئورنىنى باسالمايدىغان رولنى
ئۆتەيدۇ. چۇنكى گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پ ـ
روفېسسورى يۇ جياجۇڭ ئېيتقاندەك: «ئىنسانلار تا بۇ ـ
گۈنگىچە ھاياتىنىكى ھەر خىل بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلالا
مايۋاتىدۇ. دىن ئاشۇنداق بەختسىز ئىنسانلارغا تەسەللى
بېرىۋاتىدۇ.» [60]

دەرۋەقە، جۇڭگولۇقلار بىر مەزگىل ماددىي ۋە مە ـ
نىۋى جەھەتتىن ئاجايىپ ئېچىرقاش ئىلكىدە ياشىدى. ئىس ـ
لاھات جەريانىدا، دۆلىتىمىز يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش
سىرى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنغان دۆلەت بولۇپ قالدى.
يەھۇدىيلارنىڭ ئىقتىساد ئېڭىدا پۇل ھالال ـ ھارام دەپ
ئايرىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ سودىسىدا ئاياللارنى مۇھىم ئو ـ
رۇنغا قويۇش، ۋاستە تاللىماسلىق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى جىنسىيەت قارىشى، دەھرىي
دۇنيا قارىشى بىلەن غەربنىڭ ئىلگىرى تازا بازار تاپقان،
20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «خەتەرلىك يۇزلىنىش» دەپ
ئەيىبلەنگەن پەنچىلىك، ماددىيچىلىق، جىنسىيەت قارىشى،
يەھۇدىيلارنىڭ ئىقتىساد قاراشلىرىنىڭ ماس كېلىپ قېلىشى
بىلەن، ئۇلارنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىقتىساد ئېڭى تېز كۆ ـ
چىيىپ كەتتى. يېڭىدىن كۆچەيگەن بۇنداق ئىقتىساد قارى ـ
شى تەسىرىدە، دۆلىتىمىزدە جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشى ھېچقان ـ
چە ئىش بولماي قالدى.

نىتچشې ھۆپىگەرلەر (سودىگەرلەر) ھەققىدە: «ئۇ
پەقەت ئۇنۇمنى ئۆستۈرىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدۇ
ھەم ئۆز ۋۇجۇدىدا بار بولغان، باشقىلارنى رام قىلالايدى ـ
غان ھەممە نەرسىگە ئىشىنىدۇ… ئۇنىڭدا ئەتىسى بىر خىل
يېڭى ئېتىقاد شەكىللەنسە، ئۆگۈنىمۇ يېڭى بىر ئېتىقاد
شەكىللىنىدۇ… ئۇنىڭ مىجەزى تۇراقسىز… ئاق ـ قارىنى
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئۇنىڭ ئاتالمىش ئىسپاتلىشى ـ
دۇر. دانالارغىلا سۆزلىنىدىغان ھەقىقەت ئۇنىڭ نەزەرىدە
قۇرۇق گەپ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ داۋراڭخور تەڭرىگە ئې ـ
تىقاد قىلىدۇ» [61] دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ئەھۋال ئۇنىڭ
دېگىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولدى. بۈگۈنكى
كۈندە پارتىيە، ھۆكۈمەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئىجتىمائىي روھ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنى ـ
ۋى مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك مەسىلىلىرىگە
ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بولسىمۇ، كىشىلەردىكى
ئىشەنمەسلىك، ساختىپەزلىك، جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشى يەنىلا
مەۋجۇت بولماقتا. سارتىرى: «مۇبادا خۇدا مەۋجۇت بولمە ـ
سا، ھەممىگە يول قويغىلى ـ سىغدۇرغىلى بولىدۇ» [62]
دېگەنىدى. نۆۋەتتە، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھەممە ئىش
سىغىپ كەتكەندەكلا قىلىدۇ. بۇلارنى ئويلىساق، ئۆزبې ـ
كىستاندا ياشاپ ئۆتكەن مەرھۇم يازغۇچىمىز ئىمىن
ئۇسمان (1945 ـ 2001) نەپەندىنىڭ: «قاچانكى، ئادەمنىڭ
ۋىجدانى ئۆلسە، ئىمان ـ ئېتىقادىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ۋۇ ـ
جۇدىنى پەرۋاسىزلىق مەستخۇشلۇقى ئىگىلەيدۇ» دېگەن
سۆزىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولىمىز.

## 7. خاتىمە

ئەخلاقنىڭ قىممەت ئاساسى بولغان ھۆرمەتلەش ۋە
مەسئۇلىيەت كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىقتىسادىي نەپ مەسىلىسىگە
كەلگەندە قايرىلىپ قالىدۇ. «چاكىنا ئادەملەر پۇلنىڭ قۇلى ـ
غا ئايلىنىدۇ. ئۇلار ۋىجدانىنى يوق قىلىش ۋاستىسى بىلەن
پۇل تاپىدۇ. سالامەتلىكىنى ۋەيران قىلىش ئۇسۇلى ئارقى ـ
لىق پۇل خەجلەيدۇ.» [64] شۇڭىمۇ، يالغۇز مۇتەپەككۇر،
ئېتىكاشۇناسلارلا ئەمەس، ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناس ـ
لىرىمۇ ئەخلاق ھەققىدە توختالغان. مەسىلەن، ھازىرقى
زامان ئىقتىسادشۇناسلىقىغا ئاساس سالغۇچى ئادام. سىمىت
(1723 ـ 1790) «مىللىي بايلىق نەزەرىيەسى»دىن باشقا
يەنە «ئەخلاقىي خۇلق نەزەرىيەسى» دېگەن ئەسەرنى
يازغان. ماركس «كاپىتال» ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلىرى ـ
دە ئەخلاق مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئىقتىساد نەزە ـ
رىيەسىنى تەتقىق قىلغان ئېنگېلس «دېيۇرىڭغا قارشى»
دېگەن ئەسىرىنىڭ ئارقىمۇئارقا ئۈچ بۆلىكىدە ئەخلاقنى
مەخسۇس مۇلاھىزە قىلغان. كېننېس. ئارروۋ (1927 ـ )، ج.
م. بۇخەنىنەن (1919 ـ)، مىلتون. فرېدمان (1912 ـ 2006)،
ھ. ئا. سىموون (1916 ـ 2001) قاتارلىق ھازىرقى نۇرغۇن
نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتى ساھىبلىرىمۇ ئۆزلىرى ـ
نىڭ ئەخلاق قاراشلىرى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئېلان
قىلغان. ئېتىكاشۇناسلىقتىكى مۇھىم بىر مەزھەپ ـ مەنپە ـ
ئەتچىلىككە ئاساس سالغۇچى بېنتخام (1748 ـ 1832) ئەينى
ۋاقىتتا ئەخلاق پىرىنسىپىنىڭ ئەڭ كۆپ سانلىق كىشىلەر
نىڭ ئەڭ زور بەختى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

بىراق بىز بۈگۈنگىچە كۆزىمىزگە خاس مەۋقەدە تۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزدىكى ئەخلاقسىزلىق مەسىلىلىرىنى ئىلمىي مېتودتا تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەپ باقمىدۇق. بىزدە ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ۋە بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي ئاڭ كەمچىل. شۇڭا نۇرغۇن ھادىسىلەر ھەققىدىكى ھۆكۈمىمىز بەك يۈزە. بىز دىنىي ئانچە چۈشەنمەي تۇرۇپ، خۇراپات بىلەن دىنىي بىر تاياقتا ھەيدەپ، ئۇنىڭغا بىراقلا ئارقىمىزنى قىلىۋالماقچى بولدۇق. كۆرۈۋاتقانلىرىمىز ۋە «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئامانلىق» ژۇرنىلى قاتارلىق نەشرىي ئەپكارلاردا ئايان بولغان دېلو مەلۇماتلىرىدىن كىشىلىك ئەخلاقىمىزدىكى چېكىنىش، چۈشكۈنلۈكلەرنى قىياسەن بىلەلەيمىز. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەخلاق تەربىيەمىز بىر خىل قىيىن يولدا مېڭىشى، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشى بەرھەق.

مىللىي ئەخلاقىمىزنىڭ چېكىنىشىدە، چەكلىك دائىرىدە ئېرىشىلگەن ئەركىنلىك، كىشىلىك ھۆرمەت ۋە ئازغىنا پۇل سەۋەبىدىن باش كۆتۈرگەن چىركىن ئىنسانىي تەبىئەت، چوڭ ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي توپتىكى مۇقەددەس مەنىۋى نوپۇزنىڭ يوقىلىشى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى تۈپتىن پەرقلىق بولغان، تۆۋەن سەۋىيەلىك، دەھرىي ئاقما نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى قاتارلىقلار تاشقى سەۋەب. ئەمما ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يىلتىزىدىن ئىختىيارى ياكى ئىجتىمائىي كونترول ئىرادىسى سەۋەبىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىش مۇھىم ئىچكى سەۋەبتۇر. چۈنكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاقلاشقان ھەرىكەت پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىنتىلىشى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار شۇ قوۋم ئېتىقاد قىلغان دىن، تەسىرىگە ئۇچرىغان پەلسەپە ۋە مەۋجۇت سىياسىي خاھىشلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ قوۋمنىڭ دىنى ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم مەنبە.

ئەنئەنە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن شەيئى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قىلىقى، ئىدىيەسى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ماددىي نەرسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئېتىقادلىرىنى، ئادەم ۋە شەيئىلەر ھەققىدىكى ئوبرازلىرىنى، قائىدە ـ يوسۇن، ئادەت ۋە تۈزۈملىرىنى، ئىمارەت، ئابىدە، مەنزىرە، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، كىتابچىلىق، قورال ۋە ماشىنا ـ ئاپپاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئەجداد بىلەن ئەۋلاد روھىنى ئۇلايدىغان مەنىۋى رىشتە. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقلارنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، بۇ بىر تارىخ ئەنئەنىگە ئېغىر سەل قارىغان تارىخ بولدى. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا شەخسنىڭ ئەنئەنىلەرگە بولغان بىپەرۋالىقىدىن كۆرە، ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ پىلانلىق ئارىلىشىشى كۈچلۈكرەك بولدى.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئىزچىل يوسۇندا دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەچكە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپىمۇ دىن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئەخلاق تەربىيەسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا دىنىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئىلغارلىقلىرىمىز، ئەنئەنىۋى مائارىپ ئىدىيەمىزدىكى ئىلغارلىقلار ئۇنتۇلدى ۋە ئۇنتۇلۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئېدۋارد. شىلس ئېيتقاندەك، «ئەنئەنە پۈتۈنلەي ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسى ئەمەس» [65] ئىدى. مىللىي ئەنئەنىنىڭ ياخشى ـ يامان تەرىپىنى دەڭسەپ، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك مەنىۋى تەركىبلەرنى پەرزەنتلەر قەلبىگە ئورنىتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان دىققىتىمىزدىن چەتتە قالدى، نۆۋەتتە ھەتتا ئايرىم جايلاردا مىللىيچە كىيىنىش، مىللىيچە ياسىنىشمۇ زەربىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

فرانسىيەلىك داڭلىق پەيلاسوپ ھېنرى بېرگسون (Henri Bergson، 1859 ـ 1941) دىنىي «تۇرغۇن ھالەتتىكى دىن» ۋە «ھەرىكەت ھالىتىدىكى دىن» دەپ ئىككىگە، دىن مەۋجۇت بولغان جەمئىيەتنى «يېپىق جەمئىيەت» ۋە «ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت» دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، يېپىق جەمئىيەت ـــ ئەزالىرى توپقا يىغىلغان، ئۆزىدىن باشقا ئىنسانلار جەمئىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەمىشە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن

هوشيار تۇرىدىغان، ھەر ۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار تۇرىدىغان جەمئىيەتتۇر. تۇرغۇن ھالەتتىكى دىن دەسلەپكى ئېتىقاد، ئىشەنچلەردۇر. تۇرغۇن ھالەتتىكى دىن ۋە تۈرلۈك بېسىملار ئاساسىدىكى مەجبۇرىيەت ئەخلاقى — «يېپىق ئەخلاق» يېپىق جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ئاساسلىق شەيئىدۇر. تۇرغۇن ھالەتتىكى دىن تۈرلۈك مۇراسىملار ئارقىلىق، بېسىملار ئاساسىدىكى مەجبۇرىيەت ئەخلاقى ئادەتلەر ئارقىلىق ئومۇمىي تۈپنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىتتىپاقىنى ساقلايدۇ.

ئېچۇۋېتىلگەن جەمئىيەت — تار دائىرىدىكى كىچىك كوللېكتىپچىلىقتىن ھالقىپ كەتكەن، تۈپ جەھەتتىن ئالغاندا بارلىق ئادەمگە ئوچۇق بولغان جەمئىيەتتۇر. ھەرىكەت ھالىتىدىكى دىن دەل بىر خۇدالىق، سىستېمىلاشقان چوڭ دىنلاردۇر. ئېچۇۋېتىلگەن جەمئىيەتتە ھەرىكەت ھالىتىدىكى دىن ۋە غايە ئەخلاقى — ئوچۇق ئەخلاق ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. چوڭ دىنلار مول بولغان سىرلىق روھ ئارقىلىق، غايە ئەخلاقى ئالىيجاناب ھېسسىيات ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا «دىن بىلەن ئەخلاق بىر-بىرىنى قوللايدۇ.» [66] يېپىق جەمئىيەت بىلەن ئوچۇق جەمئىيەت بىر-بىرىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ۋايتخېد بىلەن بېرگسون بىزنى دىنغا سوغۇققان مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىپ چۈشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بېرگسوننىڭ يۇقىرىقى قارىشىنى قوللىشىمىز ئەمەس، چۈشىنىشىمىزگىمۇ بىر جەريان كېتىدۇ.

كىشىلەر باشقىلارغا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ. بىراق ئىش يۈزىگە كەلگەندە بولسا، كۆپىنچە ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى ئەخلاق دېگەن ئادەم كىچىك چېغىدىن باشلاپ شەكىللەندۈرىدىغان ئادەتتۇر. سۆز شۇكى، بىز ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ چىركىن ئادەتلىرىنى زامانىۋىلىق دەپ تۇتىيا بىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەنئەنىمىزنى ئۆزىمىز دەپسەندە قىلماي، ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئېلېمېنتلىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىشىمىز، ئۇنى قايتا جۇلالاندۇرۇشىمىز، مائارىپىمىزدا تۈرلۈك سىياسەتلەر يول قويغان ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە ئەنئەنە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. دەھرىي ئەخلاق كىشىلىرى ماددىي جەھەتتىن تويۇنغان، ئەنئەنىسىدە ئىنساب، باراۋەرلىك، ئىنسانىيلىق سۈپەتلىرى بولغان، كىشىلەرنىڭ ئادىل قانۇن، ئادالەت ئېڭى قانائەت تاپقان، ئادالەتسىزلىك، مەنىۋى قۇللۇق يوقالغان جەمئىيەتتە ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلالىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك تەدبىرلىرىمىز پۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئاران 15% نىتىنلا تەشكىل قىلىدىغان شەھەر خەلقى، مۇقىم مائاشلىقلارنىڭ نان تېپىپ يېيىشى، خىزمەت قىلىشى، بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈشى قاتارلىق مەسىلىلەرگىلا ئەمەس، مۇھىمى 85% دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى بولۇشى كېرەك. ئەمدىكى مۇھاكىمىمىز ئەنئەنىۋى ئېسىل مەدەنىيەتنى قانداقتۇر باشقا بىر نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇش ئەمەس، قانداق قىلىپ ئۇنى تىرىلدۈرۈش، زامانىۋىلىشىش بىلەن ئەدەپ-ئەخلاق ھەممە ئادەمنىڭ ئىنتىلىش نۇقتىسى بولغان گۈزەل جەمئىيەتنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى بولۇشى كېرەك.

بىز يالغۇز ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئاسار-ئەتىقە بۇيۇملارنى، ناخشا-مۇزىكىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، قوغداشنى مۇھاكىمە قىلىۋەرمەي، ئاتالمىش زامانىۋى قىممەت قاراشلار تەسىرىدە خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقان، ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، كەلگۈسىمىزگە تېخىمۇ كېرەك بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى قۇتقۇزۇشنىمۇ ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىلىشىمىز كېرەككى، يىلتىزى كېسىلگەن دەرەخنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى تىككىلى، كېچىكىپ بولسىمۇ مېۋە ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن يىلتىزى كېسىلگەن ئەخلاقنى قايتىدىن كۆكلىتىش بەكمۇ تەس. مەنىۋى قۇرغاقلىشىش ئىنسانىنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، ئىدىيە مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالمىغان قەۋم تارىختا باش كۆتۈرگەن ئەمەس.

ئادەم — مەنىۋى قانائەت ئىزدىگۈچى. باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش، ئىبادەت، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش، ساياھەت، پاراڭلىشىش، جىنسىي ئالاقە... بۇلار مەنىۋى قانائەتنىڭ ئاددىي تەركىبلىرىدۇر. ئادەم مەنىۋى قانائەتكە ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئېرىشىدۇ، بىر خىل ئېھتىياج قا-

نائەتلەنمىسە، ئۇنى باشقا بىر خىل شەكىل ۋە مەزمۇندا تولۇقلاشقا ئىنتىلىدۇ. زۆرۈر ئېھتىياجلارنى يېتەرلىك قانائەتلەندۈرەلمىسە، يىراقتىكىلەر ئارقىلىق ئۇنى تولۇقلىماقچى بولىدۇ.

ھەرقانداق مىللەتتە ئەرلەرنىڭ ئۆزىدىن سەل كىچىكرەك ياشتىكى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشتەك تەبىئىي ئەخلاق پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ئائىلىدە ئايالنىڭ ئالدىدا ئەرلەرنىڭ ھۆرمىتىنى تەبىئىي شەكىللەندۈرۈپ، ئائىلىدە تەبىئىي بىر يادرو شەكىللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئائىلە مۇقىملىقىغا ئۇزاققىچە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكىلەر ھازىرقىدەك شۇئارۋاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا نەق ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلاتتى. ئۇلار ھازىرقىلاردىن كۆپ ئەمەلىيەتچى ئىدى. ئەرلەرنىڭ ياش جەھەتتىن ئايالدىن چوڭراق بولۇشى ھازىرمۇ تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقى ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا كۆپ جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى، سالاپىتىنى يوقاتتى. ئەجدادلىرىمىزدىكى ئەرلەر ئاياللىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد، ئەنئەنە، مىللىي غايە جەھەتتە بىرلىك ئىچىدە ياشىغان بولسا، ھازىرقى كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ تايىنى يوق. ئاياللىرى بىلەن ئېتىقاد بىرلىكى يوق. ئەنئەنىلەر ۋە تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك پەرھىز- چەكلىمىلەردىن يىراقلىشىپ، ئايال ۋە بالىلىرىنى تەبىئىي ئەيمەندۈرىدىغان خۇرۇچتىن ئايرىلغان، ئەجدادلار ئېتىقادىدا چەكلەنگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالىدا پەرھىزلىك رولىنى يوقاتقان.

ھاراقنى كۆپ ئىچىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرلەرنىڭ ۋاقتىنىڭ زايا بولۇشى، جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ئايال ۋە بالىلىرىنىڭ ئالدىدا پەقەت ئاددىيلا بىر ئادەمگە، ھەتتا سەسكىنىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى، نۆۋەتتە ئائىلىلەرگە «ھەملە» قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تەھدىت بولۇشى مۇمكىن.

ئائىلە — ئەخلاقنىڭ مەنبەسى. بىز بۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتايلى. مەن ئاخىرىدا قىز - ئاياللىرىمىزغا گۈزەللىك، لاتاپەت، دىيانەت، پاكلىق تىلەيمەن. ئەرلىرىمىزگە شىجائەت، غۇرۇر، كەلگۈسىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھى تىلەيمەن. «ئەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېسىل بولمىسا، ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسى پەسلىشىپ كېتىدۇ (نىتچشې).» [67] ئەرلەر پىداكار، جاسارەتلىك بولايلى! بىز زامانىۋى دۇنيانىڭ ئىختىيارىي ماڭقۇرتلىرى بولۇپ قالمايلى! خوتۇن - قىزلىرىمىز، ئاچا - سىڭىللىرىمىز چىرىگەن ئەخلاق دەرىخىنىڭ «ياۋا مېۋىسى» بولۇپ قالمىسۇن!

**نەقىل مەنبەلىرى:**

[23] پاسكال (فرانسىيە): «تەپەككۇر دۇردانىلىرى»، بېيجىڭ نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 140 - بەت.

[24] نيۇتون (ئەنگلىيە): «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكا پرىنسىپى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

[25] ج. ئا. خامبرتون (ئامېرىكا): «پەلسەپىگە دائىر دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر»، توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 212 -، 213 - بەتلەر.

[26] روبېرت پائۇل ۋولف (ئامېرىكا): «پەلسەپە ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 70 - بەت.

[27] شيا جېڭنوڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئوكيانۇس»، شاڭخەي كىتابچىلىق نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 474 - بەت.

[28] يۇقىرىقى كىتاب، 316 - بەت.

[29] جوستېين گاردېر (نورۋېگىيە): «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»، يازغۇچى نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 350 - بەت.

[30] ئېدۋارد. شىلس: «ئەنئەنە ھەققىدە»، 6 -، 7 - بەتلەر.

[31] يۇقىرىقى كىتاب، 10 - بەت.

[32] زېڭ گۇاڭلى: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 129 - بەت.

[33] يۇقىرىقى كىتاب، 130 - بەت.

[34] گاۋ جاۋمىڭ: «دىنىنىڭ ئەخلاق قىممىتى ھەققىدە»، خەنزۇچە «ئېتىكاشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 5 - سان 12 - بەت. زېڭ گۇاڭلى: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 130 - بەت.

[35] يۇقىرىقى كىتاب، 131 - بەت.

[36] ئا. ن. ۋايدخېد: «دىنىنىڭ شەكىللىنىشى، بەلگىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۈنۈمى»، 2 -، 3 - بەتلەر.

[37] زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 170 - بەت.

[38] جامېس راچېلس، ستۇئارت راچېلس: «ئەخلاقنىڭ سەۋەبى»، 55 - بەت.

[39] زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 3 - بەت.

[40] يۇقىرىقى كىتاب، 162 - بەت.

[41] يۇقىرىقى كىتاب، 3 - بەت.

[42] يۇقىرىقى كىتاب، 164 - بەت.

[43] ماۋ يۈشى: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەخلاق ئىستىقبالى»، جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008 - يىلى خەنزۇچە 3 - نەشرى 9 - باسمىسى، 69 - بەت.

[44] يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

[45] يۇقىرىقى كىتاب، 74 - بەت.

[46] يۇقىرىقى كىتاب، 69 - بەت.

[47] لى ئاۋ (تەيۋەن): «لى ئاۋ: جىنسىي مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدە ئەركىن پاراڭلار»، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

[48] ر. ج. گېررىگ، پ. گ. زىمباردو: «پسىخولوگىيە ۋە تۇرمۇش»، خەلق پوچتا - تېلېگراف نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2005 - يىلى 12 - باسمىسى، 337 - بەت.

[49] لى جۇڭخۇا: «جۇڭگو مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خۇاۋېن نەشرىياتى 1994 - يىلى خەنزۇچە 1 - نەشرى، 1996 - يىلى 2 - باسمىسى، 160 - بەت.

[50] لياڭ شۇمىڭ: «لياڭ شۇمىڭ ئەسەرلىرى» 3 - توم، شەندۇڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 109 - بەت. زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 8 - بەت.

[51] زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 11 - بەت.

[52] يۇقىرىقى كىتاب، 11 - بەت.

[53] يۇقىرىقى كىتاب ، 13 -، 14 - بەتلەر.

[54] يۇقىرىقى كىتاب، 208 - بەت.

[55] يۇقىرىقى كىتاب، 207 -، 208 - بەتلەر.

[56] گاۋ جاۋمىڭ: «دىنىنىڭ ئەخلاق قىممىتى ھەققىدە»، خەنزۇچە «ئېتىكاشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 5 - سان 12 - بەت. زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 130 -، 131 - بەتلەر.

[57] زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 172 - بەت.

[58] ئېدۋارد. شىلس: «ئەنئەنە ھەققىدە»، 101 - بەت.

[59] زېڭ گۇاڭلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 172 - بەت.

[60] يۇ جياجۇڭ: «دىن ئىنسانلار ھاياتىغا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ»، كېئوگې سانتايانا (ئامېرىكا) «دىندىكى ئاقىلانىلىك»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

[61] فرېدرىخ نىتچشې: «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، 65 - بەت.

[62] تەن چۈەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيەسى ۋە ئەخلاق تەربىيەسى»، 27 - بەت.

[63] فرېدرىخ نىتچشې: «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، 16 - بەت.

[64] ماۋ يۈشى: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەخلاق ئىستىقبالى»، 109 - بەت.

[65] ئېدۋارد. شىلس: «ئەنئەنە ھەققىدە»، 1 - بەت.

[66] ھېنرى بېرگسون: «ئەخلاق ۋە دىنىنىڭ كېلىش مەنبەسى»، 28 - بەت.

[67] فرېدرىخ نىتچشې: «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، 83 - بەت.

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيەلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى ئارقىلىق توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991




## تەپەككۇر كۆزى

### مەن يەكۈنلىگەن ھېكمەتلەر

▲ جان دېگەن تەندە ئامانەت نەرسە، تۇغۇلماقنىڭ ئۆلمىكى بار، سەن بىر كۈنى ئادەم بولۇۋالارمەن دەيسەن؛ ئوينايدىغاننى ئوينىۋېلىپ، قىلىدىغاننى قىلىۋې-لىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە توۋا قىلىۋالارمەن دەيسەن. لېكىن شۇنىڭغا پۇرسەت بولمىسچۇ؟ سەن قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلۈشۈڭنى ئالدىن بىلەمسەن؟ سېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ ئادەم بولغىنىڭ شۇ. يەنە قاچان ئادەم بولماق-چى؟ قانچىلىك ئادەم بولماقچى؟ ئەڭ ياخشىسى كۈندە-كۈندە ياخشى تەرەپكە، يۈكسەكلىككە يېتىش ئۈچۈن تىرى-شىشىڭ كېرەك.

▲ بىرى تام قوشنا بىلەن، يەنە بىرى يەر قوشنا بىلەن چوقۇم ئىناق ئۆتۈش كېرەك.

▲ يىراقنى كۆرەلەيدىغان، غايىلىك ۋە تىرىشچان ئادەم ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالماي-دۇ.

▲ ئەگەر دۇنيادا ھەممىلا ئادەم ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئالىم- مۇتەپەككۇر، يازغۇچى- شائىر، قىس قىسى ئەقلى ئويغاق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ئۇنچىۋالا ئېغىرلاپ كەتمىگەن بولاتتى.

▲ ئۆزىگە پۇختا بولغان ئادەم پۇشايماننى ئاز قىلى-دۇ ياكى قىلغان ئىشىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدۇ.

▲ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئىلكىدىكى ۋاقىتنىڭ قەدرى-گە يەتمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ چەكلىك ئۆمرىمىز ساناق-لىق ئاي، ھەپتە، كۈنلەردىن؛ ھەتتا ساناقلىق سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلاردىن تەركىب تاپقان. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە قارىغاندا، ۋاقىتنى قوغلىشىپ يا-شايدىغان ئادەمنىڭ ھاياتتا ئېرىشىدىغىنى ھامان كۆپ بو-لىدۇ.

▲ سىز بۇ دۇنيادىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىردىنبىر ئادەمسىز. يەتتە ئەزايىڭىز ساق- بېجىرىم، ئەقلى -ھوشىڭىز جايىدا بولسا، مانا شۇنىڭ ئۆزى سىز ئۈچۈن كاتتا نىئمەت ۋە بايلىقتۇر. باشقا نىئمەتلەرگە ۋە بارلىق ئارزۇلىرىڭىزغا ئۆز ئەقىل- پاراسىتىڭىزگە تايىنىپ ئېرىشى-شىڭىز كېرەك.

▲ ئادەم ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانسې-

رى، ئارزۇلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ باردۇ.

▲ بىز باشقىلار ياساپ بەرگەن يولدا ماڭىمىز، باشقىلار قازغان قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىچىمىز. شۇنداق بولغاندىكىن بىزدىنمۇ بىر ئىز قالسۇن، شۇ چاغدىلا باشقىلارغا ۋە ئۆز-ئۆزىمىزگە يۈز كېلەلەيمىز.

▲ تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ ئادەمنىڭ كۈنلىرى پاراكەندىچىلىك ئىچىدىلا ئۆتىدۇ.

▲ ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور كەمچىلىكى — قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەسلىكتە.

▲ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يوق ئادەم ھاياتتا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

▲ ھەي ئىست، دۇنيادا ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇزى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان كىشىلەر باركى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تىرىك يۈرۈشىنىڭ ئۆزى بىر يۈكتۇر.

▲ ھەسەت بىلەن رىقابەت ئىككىسى ئىككى گەپ، رىقابەت ئادەمگە پولاتتەك ئىرادە ئاتا قىلىدۇ، ئەمما ھەسەت بولسا ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ.

**ئابدۇلۋاھىد مۆلجەرى**

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ بىز كۆرۈۋاتقان يورۇقلۇق — قۇياش نۇرى بىلەن قەلب نۇرىنىڭ ئۈچرىشىشىدىن ھاسىل بولغان، شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىكى نامايان بولغان.

▲ ئۆزۈڭنىڭ باشقىلارغا ئاتا قىلغىنىڭ باشقىلارنىڭ ساڭا ئېرىشتۈرگىنى بىلەن ئۆلچىنىپ قالمىسۇن.

▲ ئىدىيە ھاسىلاتلىرى ئەينەكتىكى ئەكسىمىز بىلەن بىرلىشىپ بىزنىڭ كەم ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھايات مۇساپىسىگە نەزەر تاشلىغاندا، ئۆتۈۋاتقان ھاياتىغا مەنە تاپالايدۇ ۋە كەلگۈسى ئۆمرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلايدۇ.

**مەمەتتۇرسۇن سوپى**

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مائارىپ پەنلىرى شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

## ئىچىمدىكى ئۆزلۈك ئاۋازى

▲ دەۋرنىڭ تەلپىنى چۈشەنمىگەن، نادانلىق پاتقىقىغا پاتقانچە ئۇخلاپ قالغان قوۋم مۇقەررەر ھالدا گۇمران بولغۇچى قوۋمدۇر.

▲ ئۆزلۈك — ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

▲ ئۆزىنى تونۇش — كەسكىن رېئاللىق رىقابىتى، كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرۈش ھەققىدە ئويلىنىشتۇر.

▲ ئۆزلۈكىنى تاپقان قوۋملا بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىنىڭ ئەركىسىگە ئايلىنالايدۇ، ئۇلار شۇندىلا پۈتكۈل دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

▲ ئۆزلۈك — ئويغاق تەپەككۇرنىڭ ھوسۇلىدۇر.

▲ ئۆزلۈك — مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى.

▲ ئۆزى ھەققىدە ئويلانمايدىغان ياكى ئويلىنىشنى خالىمايدىغان خەلق تارىخنىڭ قۇم-بورانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ قەد كېرىپ تۇرالىشىنىڭ سىرى شۇكى، ئۇلار ئويغاق تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆزلۈك مېۋىسىنى قۇرت يېيىشتىن ساقلاپ قالغان.

▲ ئۆزىنى ئىزدەش — مەنىۋى كامالەت سەپىرىدۇر.

▲ ۋاقىتنىڭ قۇلى بولماي ۋاقىتنى قۇل قىلىش كېرەك، شۇندىلا تارىختىكى «مەن» بىلەن ھازىرقى «مەن» ئوخشاش نامايان بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش، ناچار تەرەپلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ يېڭىلىق يارىتىش ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىندۇر.

**ئۆمەر ئەمەت**

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزا لەۋجىن كەنتىدە.

▲ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگەن ۋاقتىڭ، مەغلۇبىيىتىڭنىڭ باشلانغان ۋاقتىدۇر.

▲ ساغلام ياشاي دېسەڭ، زىيادە ئاچچىقلانما.

**مۇھەممەدئىمىن ھەسەن**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن.

▲ ئادەمنى نابۇت قىلىدىغىنى ئىلاجسىزلىق ئەمەس، بەلكى ئىرادىسىزلىك.

▲ ئۆزۈڭمۇ يېمەي، ئۆزگىگىمۇ يېگۈزمەي ئۇزاققىچە تىقىپ ساقلىساڭ، ئۇنداقتا ساقلىغانلىرىڭنى چاشقان بىلەن قۇرت يەيدۇ.

▲ جۈرئەتسىزلىك تۈپەيلىدىن يوقىتىپ قويغان نەرسىلەر، ئادەمنى بىر ئۆمۈر نادامەتتە قويىدىغان نەرسىلەردۇر.

▲ سەن ئاچچىق بولسىمۇ كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتالىغانلىقىڭ ئۈچۈن بەختلىك، ئەمما مېنىڭ بەختسىزلىكىم كۆڭۈل ئاياپ ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇشتۇر.

▲ ئاچچىق كەلگەندە ئەمەس، بەلكى پۇرسەت كەلگەندە بېسىلغان قەدەم سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

▲ ئەرزىمەس ئىشلارنى قانچە بەك زېرىكىپ قىلغانسېرى ئۆزۈڭمۇ شۇنچە بەك ئەرزىمەس، چاكىنا كىشىگە ئايلىنىپ قالىسەن.

## تەنھا چەشمىلەر

▲ قايىللىق بولمىغان يەردە، ئۇنداقتا مايىللىقمۇ بولمايدۇ.

▲ ئۆزىنى ياخشى باشقۇرالمىغان ئادەم، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىمۇ ياخشى باشقۇرالمايدۇ.

▲ پەقەت ئويغاق ئادەملا قۇياش نۇرىنى ئەڭ بۇرۇن كۆرەلەيدۇ.

▲ قىسمىتىڭ قانچە ئاچچىق بولغانسېرى ئۆز تارتىشىڭغا شۇنچە قارا.

▲ ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭ قانچە سۇسلاشقانسېرى، ھەر بىر قەدىمىڭنى شۇنچە خۇدۇكسىرەپ باسىدىغان بولۇپ قالىسەن.

**ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا**

---

ئاپتور: جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا، ئوفىتسېر.

## تەپەككۇرۇمدىن تامچە

▲ ئۆزۈڭنى زىيادە مۇكەممەللىككە كۆچەپ ئۇرما، ئۇ روھىي زەربىلەرگە ئىشىكىڭنى كەڭ ئاچقانلىقىڭ بىلەن باراۋەر.

▲ باشقىلارنى زىيادە ماختىساڭ، باشقىلارغا زىيادە چوقۇنۇش ۋە قىممىتىڭدىن گۇمانلىنىش ۋۇجۇدۇڭنى ئەسىر ئالىدۇ.

▲ شادلىق ئىزدەپ ئاۋارە بولما، باغرىڭدىكى ئازابلارنى چۆرۈۋەتسەڭلا كۇپايە، شۇندىلا شادلىق سېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.

▲ بۈگۈنكى قەدىمىڭ تۈنۈگۈن ئۈچۈن جاۋاب، ئەتىكى قەدىمىڭ ئۈچۈن قەرز.

▲ ئۆزى ياقتۇرغان ئىشنى قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ياقتۇرمىغاننى قىلىش زورلانغانلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ياقتۇرمىغاننى قىلىش دانالارنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ.

▲ مۇبادا ۋاز كېچىش شۇنچە ئاسان بولسا، يولۇققان قىيىنچىلىق ئۇنچە كۆپ بولۇپ كەتمىگەن بولار ئىدى.

▲ ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىشنىڭ ساڭا ئېلىپ كېلىدىغان ئازابى مەڭگۈلۈك.

▲ ئۆزىگە زالىم بولۇشتىن قورقۇپ، باشقىلارنىڭ زالىملىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنىڭ نە ھاجىتى؟

▲ ئاجىزلىقنى داۋراڭ سېلىش ئەخمەقلىق،
ئاجىزلىققا تەن بېرىش مەغلۇبىيەت،
داۋاملىق يول قويۇش ھالاكەت.

▲ ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابى بىر كۈنلۈك، ئۇيقۇنىڭ ئازابى مەڭگۈلۈك.

▲ بۈگۈن، ئەتە... ئەتە... تۈگىمەس پەيلەشلەردە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ رەت قىلىپ كەلگەنلىكىڭنى تۇيماي قالدىڭ.

▲ سۆيگۈڭنى ئۇنىڭ بەختىگە تېگىشىپ، بىر ئۆمۈر ئازاب ۋە يوقىتىشنىڭ قۇربانىغا تاشلاپ بېرىسەن. مانا بۇ دەل مۇھەببەتنىڭ زوراۋانلىقى.

**يارمۇھەممەد پەرھات**

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا، ئوقۇغۇچى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئېسىڭدە بولسۇن، چوڭ ئىشلار ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن تۇرمۇش نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىشلاردىن تەشكىللىنىدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ بىردە چۈشىنىپ يېتىسەن: ئاق كۆڭۈل بولۇش ئەقىللىق بولۇشتىن تەس، ئەقىللىق بىر خىل تالانت، ئەمما ئاق كۆڭۈللۈك بولسا بىر خىل تاللاش.

▲ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ياشىماي، ياشاش ئۈچۈن مەۋجۇت بول.

▲ ئادەم ھامان ئۆزگىرىدۇ، بەزىلەر تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزگىرىدۇ، بەزىلەر تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزگىرىدۇ.

▲ بەزىدە ئىشلارنى بىلىپ-بىلمەي خاتا بىر تەرەپ قىلىپ قالىمىز، سەۋەبى كاللىمىزنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ۋاقىتتا، ھېسسىياتىمىزنى ئىشلىتىپ قالىمىز.

▲ بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، قانداق قىلسام داۋاملىق غەيرەت قىلىشنى تاللىيالايمەن؟ بۇ ۋاقىتتا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ئوقۇپ جاۋاب تاپالايمەن.

**ئىززەتگۈل ئېزىز**

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد پەنلىرى ئىنستىتۇتى 2008-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ غۇرۇرسىز ياشاش — ئورۇنسىز ياشاش.

▲ تۇيغۇسىز — ئويسىز، كويسىز — كەلگۈسىز.

▲ نەپ چىقمىغان يەردىن گەپ چىقىدۇ.

▲ قان بىلەن يېزىلغان تارىخ سىياھ بىلەن ئۆزگەرىپ قالمايدۇ.

▲ ئىبرىتى يوقنىڭ پۇرستى يوق، پۇرستى يوقنىڭ قىممىتى يوق.

▲ نىيەت بولسا پۇرسەت بولىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى باشقىلارنىڭ سۆزىدىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزىدە كۆرىدىغانلارنى دانا ساناش مۇمكىن.

▲ ئاجىز ئادەملەر مۇھىتقا سىڭىپ كېتىدۇ، كۈچلۈك ئادەملەر مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

▲ ھەقىقەت ئاشكارا تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ھالاكىتى تېز بولىدۇ.

▲ ئويى ئوخشىمىغانلارنىڭ يولى مەڭگۈ ئوخشىمايدۇ.

▲ ئويى ئوخشىمىغانلار سۇ بىلەن مايدەك يۇقۇشماي ئۆتىدۇ.

▲ ئۆگىنىش ئۆزىڭىز ئۈچۈن، ئەخلاق يۈزىڭىز ئۈچۈن.

▲ كەمسىتىش — دۈشمەنلىكتىن يامان.

▲ تەسىرلەندۈرۈشكە قارىغاندا تەسىر كۆرستەلەيدىغان نۇتۇقنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ.

▲ يۈز قىزارسا خىجالەت، كۆز قىزارسا خىيانەت.

▲ ھەق كۆزلىگەن نەق سۆزلىيەلەيدۇ.

▲ نومۇسچان ئادەملەر ئۈچۈن ئوق يېگەندىن «دوق» يېگەن يامان.

▲ بوھتان — روھىي زىندان.

▲ سۆزى بىلەن كارى يوقنىڭ ئۆزى بىلەن كارى يوق.

▲ ئادەمنىڭ ماددىي بايلىقى ئاشسا «يۈك»كە، مەنىۋى بايلىقى ئاشسا «بۇيۇك»كە، روھىي زەئىپلىكى ئاشسا «شۇك»كە ئايلىنار.

▲ پۇلى بارلار قاراقچىدىن، يولى بارلار ماراقچىدىن قورقىدۇ.

▲ غەيرىتى ئازنىڭ مەينىتى كۆپ.

▲ نومۇسچان يۈزىدىن، ئاچ كۆز كۆزىدىن بىلىنەر.

▲ نوپۇزىدىن نومۇس يامان.

▲ كۆزى كورلار قارىغۇ ئەمەس، قەلبى كورلار ھەقىقىي قارىغۇ.

▲ ئۆتمۈشكە باققان تارىخچى، كەلگۈسىگە باققان سىياسەتچى.

▲ جاسارىتى يوقنىڭ پۇرستى، پاراستى يوقنىڭ قىممىتى يوق.

▲ بېلى بوشنىڭ بېغى بوش.

**ئابلەت روزى**

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن.

## قەلب قەسرىمدىن تامچىلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى «قەلبداشلار قەسرى».

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى غەپلەت ئۇيقۇسىدىكىلەرنى ئويغاتقۇچى قوڭغۇراق، تىرىشچانلارغا مەدەتكار، ئىزدەنگۈچىلەرگە چىراغ، غايىلىكلەرگە ماياك، يارىماسلارغا تاياق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەمەلدار بىلەن پۇقرا، باي بىلەن كەمبەغەل، چوڭ بىلەن كىچىك تەڭ لەززەتلىنىدىغان، ئەركىن پىكىر قىلالايدىغان ھەقىقەت سورۇنى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ماڭا نۇرغۇن ئەقىل ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەتتى، نۇرغۇن يېتەكچى ئۇستازنى تونۇتتى، دانىشمەن ئەجدادلىرىمنى ئەسلەتتى، پىكىرداش دوستلارنى تېپىپ بەردى.

**گۈلخۇمار ئابدۇراخمان**

---

ئاپتور: تۇمشۇق شەھىرى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 50-تۇەن شاڭۇر مەركىزىي مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## ئوقۇ-ئوقۇتۇش تۇيغۇلىرى

▲ ئوقۇغۇچىلاردىن مۇكەممەللىكنىلا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان ئوقۇتقۇچى ــ مەڭگۈ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچالمايدۇ.

▲ ئەقىدىسىز ئوقۇتقۇچىلىق ــ كۆرۈنمەي يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتتۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىلىرى مائاش ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان مىللەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئېتىبارسىز قالىدۇ.

▲ مائارىپ مەسئۇلىيەتچانلىقتىن ئايرىلسا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ئوقۇتقۇچى ــ دەل ئۇلارنى ئەڭ ھەقىقىي چۈشەنگەن ئوقۇتقۇچىدۇر.

▲ ئۆز كەسپىگە پىشمىغان ئوقۇتقۇچى ــ دائىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى جانسىز بولسا ئوقۇغۇچى ئاڭسىز بولىدۇ.

▲ ئوچۇق دەرستىن ئەڭ قورقىدىغان ئوقۇتقۇچى ــ ئالۋاڭغا دەرس ئۆتۈپ كۆنۈپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىدۇر.

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ھەيۋىسى بىلەن ئەمەس، بىلىمى بىلەن يىغالىغان ئوقۇتقۇچىلا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىدۇر.

## ۋاقىت تۇيغۇلىرى

▲ ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئۆتمەيدىغان پەيتى ــ دەل قىلغىلى ئىش تاپالماي قالغان چاغلاردۇر.

▲ بىز ۋاقىتنى ئارقىغا ياندۇرالمايمىز، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى ۋاقىتنىڭ كوكۇلىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالالايمىز.

▲ تۇغۇلۇش ــ ۋاقىت بىلەن كۆرۈشكەنلىك، ئۆلۈم ــ ۋاقىت بىلەن خوشلاشقانلىق.

▲ ۋاقىت ئۆزىنى قەدىرلىگەنلەر ئۈچۈن قىممەتلىك سوۋغات بولسا، قەدىرلىمىگەنلەر ئۈچۈن زەھەرلىك ئوغىدۇر.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ئاغرىنىپ يۈرگەن ۋاقتىڭ ــ دەل ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سۆيمەيۋاتقان ۋاقتىڭدۇر.

▲ دەردىڭنى باشقىلارغا سۆزلىگەندىن كۆرە يالغۇز يەردە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سۆزلە، چۈنكى، ئۆزۈڭنىڭ دەردىگە ئۆزۈڭلا ئەڭ ھەقىقىي يېتەلەيسەن.

▲ باشقىلارنى چۈشىنىمەن دەپ ئاۋارە بولغىچە ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشەن.

▲ باشقىلار چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىغان ئادەم ئەتراپىدىكىلەرنى دۆت چاغلاۋاتقان ئادەمدۇر.

**ئوبۇل ئوغلى قەلەمىي**

---

ئاپتور: قەشقەر قاغىلىق ناھىيە چىپان يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، (ھازىر شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ)



ئابلىكىم تۇرسۇن

# سەھرا بازىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى

## — يازغۇچى ئابدۇراخمان ئېبىزى ئوغلىنىڭ «سەھرا بازىرى ھېكايىلىرى» ئىلھامىدا

ھەر قېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانى چىقىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، بىر خىل جىددىي تەقەززالىق ئىچىدە يېقىن ئەتراپتىكى كىتابخانىغا يۈگۈرۈيمەن ۋە ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپلا «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىگە ۋە ياكى باشقا ئەسەرلەر سەھىپىسىگە بىر خىل ئىچىرقاش تۇيغۇسى بىلەن قارايمەن. بولۇپمۇ مۇندەرىجىدە ئاشۇ ياش قىرغىز يازغۇچىنىڭ «سەھرا بازىرى» ھەققىدىكى يېڭى ھېكايىسى چىققان بولسا، ژۇرنالنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ، باشقا ژۇرناللاردىكى يېڭىدىن چىققان ئەسەرلەرگە ۋە كىتاب جاھازىسىدىكى كۆركەم مۇقاۋىلىق كىتابلارغا بىر قۇر نەزەر كۆزۈمنى سىلىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا ۋە مېنىڭ ئاشۇ سەھرا بازىرىمدىكى جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل ۋە نادان كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتقان بىر خىل تۇغما غېرىبلىقنى قۇچاقلىغىنىمچە، كىتابخانىدىن چىقىپ بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ قايناق كىشىلەر توپى ئىچىدىكى ھاياتىي غوۋغالارغا قوشۇلۇپ كېتىمەن. بەلكىم سىز مېنىڭ بۇ بايانلىرىمنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇرمەن بولسىڭىز، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ سەھرا بازىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە بۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن بولۇشىڭىز، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بازارغا تۇغما غېرىبلىق تەقسىم قىلىنغان دېگەن خىياللىرىمدىن، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى نادان ۋە ئاق كۆڭۈل دەپ قوش يۈزلۈك تەسۋىرلىشىمدىن بىر خىل تەئەججۈپكە چۆمگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئالدىرىماڭ، بۇ بازاردىكى ھېكايىلەر كۆرمىڭ، بۇ بازاردىكى كىشىلەر، بۇ بازاردىكى ھاياتلىق ۋە بۇ بازاردىكى ھەممە نەرسە بىز ئويلىغاندىنمۇ غەلىتە، قۇرغاق، فورمۇلاسىز ۋە كۆرۈمسىز. بۇ بازارنىڭ ئۇقۇملىرى تۈم-تۈم كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقلا بۇ يەرنى ۋە بۇ يەردىكى ھاياتلىقنى ئاددىي ھالدا بىز ئىشلىتىۋاتقان ئاتالمىش قالاق، نادان، مەدەنىيەتسىز دېگەن سۆزلەر بىلەنلا سۈپەتلەپ باھالاپ قويۇش چوڭ خاتالىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە قالاقلىققا ئامالسىزلىق، نادانلىققا روھىي سۈزۈكلۈك، «مەدەنىيەتسىز»لىككە ئالاھىدە بىر خىل قىزغىنلىق يوشۇرۇنغان. بۇ بازارنىڭ ھاياتلىق كارتىنىلىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ھالسىرىتىپ قويىدۇ. بۇ بازار قەيەر؟

1

ئاشۇ سۆيۈملۈك قىرغىز يازغۇچى تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان سەھرا بازىرى مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي. مەن ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىن ئۆز يۇرتۇمنىڭ پۇرىقىنى ھىدلايمەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ مېڭىۋاتقان يوللىرىنى، ھارۋىكەشلەرنىڭ قەيەردە توختىغانلىقىنى، كىملەرنىڭ قەيەردە ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈم نەق مەيداندا باردەك ھېس قىلىپ تۇرىمەن. يازغۇچىنىڭ

ئۇيغۇرچىلار مۇنبىرى

قايسى دەگىدىن (جەنۇب يېزىلىرىدىكى بازار كۈنى گېشەك ھار-
ۋىسى، ۋېلسىپىت، موتوسىكلىت دېگەندەك نەرسىلەرنى گەك-
رىپ قويىدىغان چوڭ قورۇ) گۆيىگە ماڭغىنىنى ھېس قىلالايمەن.
مېنىڭچە، پېقىرمۇ گۇنىڭ ھايات مەنتىقلىرىنىڭ مەھسۇلى.

مەن ئۆزى تـوغۇلۇپ گۈسكەن يـۇرتنى مـەدھىيەلەپ،
ماختاپ، ئۇلۇغلاپ كۆككە كۆتۈرگەن گـەسەرلەرنى نـاھايىتى
ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق ئەسەرلەرنى يـازغان يـازغۇچىلار-
نىڭ مۇشۇ خىل تۇيغۇسىغا بەكلا ھەۋەسىم كېلىدۇ. گۇلارنىڭ
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىغا شۇنداق ئىچىم كۆيىدۇ. لـېكىن
نـېمە ئۈچۈنكىن، گـەتراپىمدىكى مـەن بـىلىدىغان قـەشقەر،
خوتەن ۋە كۇچا قاتارلىق يۇرتلاردىن چىققان نۇرغۇن جاھان-
كـەزدى كـىشلەرنىڭ، سودىگەر ـ تـىجارەتچىلەرنىڭ، ئـالـىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋە يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ھۈنەر-
ۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا كەتمەي ياخشى كۆن ئېلىش
ئۈچۈن باشقا يۇرتلاردا جېنىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسە-
تىشلىرىگە، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلەرنىڭ ھاياتىدىكى پۇ-
شايمان ۋە ھەسرەتلىرىگە، بەزىلەرنىڭ ھـاياتى تـىراگېدىيەلە-
رىگـە، يـۇرتتىكى چوڭلارنىڭ ئـامال قـىلىپ بـۇ «كـاززاپ»
يۇرتقا قايتىپ كەلمەي، تىرىشىپ باشقا يەردە كۈن ئال دېيىش-
لىرىگە قاراپ، شۇنداق ئەسەرلەرنى روياپقا چىقارغان يـازغۇ-
چىلارنىڭ يۇرتلىرى قانداق يـۇرتتۇ، دەپ ئـويلاپ قـالىمەن.
يـەنە بـىر تـەرەپتىن كـىشلەردىكى بـۇ خـىل ھـېسسىيات ۋە
قـاراش نـەزەرگە ئـېلىنمايۋاتامدۇ، ئـېتىراپ قـىلىنمايۋاتامدۇ
قانداق؟ كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى كىشلەرنىڭ يۇرتنى
سۆيۈش ئېڭى تۆۋەنلەپ كەتمىسۇن دەپ بۇنداق چىن باسمە-
لارنى، يازمىلارنى باسماي، ئەكسىچە ئۆز يۇرتنى كۆپتۈرۈپ
ماختايدىغان يازمىلارنى بازارغا سېلىۋاتامدىغاندۇ دېگەنلەرنى
خىيال قىلىپ ئەندىكىپ قالىمەن.

ئەگەر مەن بۇ بازار ـــ مېنىڭ جېنىم، ھـاياتىم، بـارلىقىم
ۋە سۆيگۈ مەبۇدەم دېگەندەك سۇپەت سۆزلىرى بـىلەن سـە-
لـەرنىڭ ئـامراقلىق ھـېسسىياتىڭلارنى قـوزغاتماقچى بـولسام
ساختىلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ يۇرتنى ئاجايىپ گۈزەل، ئاۋات،
ئاز ئۇچرايدىغان قايناقلىققا تولغان، ھەممە يېرىدىن بىر خىل
لاتاپەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ قـايناق تـۇرمۇشى ھـا-
ياتنىڭ يېڭى بەتلىرىنى رەڭدارلىققا تـولدۇرىدۇ دەپ لـىرىك-
لىق سۆز ئويناتسام بۇ سـەھرا بـازىرى مـەندە يـېتىشتۈرگەن
سەممىيلىككە ئاسىيلىق قىلغان بولىمەن. ئۇدۇل گەپنى قىلغان-

دا، بۇ بازارغا نىسبەتەن مەندە گۇنىڭ سۇۋادان تـېرەكلىرىنى
قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىش ھېسسىياتى ياكى ھەر قېتىم تەتىلدە
يۇرتقا بارسام دۇم يېتىپ توپىلىرىنى چىمدىپ ئېلىپ پۇرۇۋې-
لىش ھـېسسىياتى گـۇنچىلىك يـوق. يـۇرتنى سـېغىنىپ، كـېچە-
كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ چىقىدىغان، يـۇرت گـىشقىدا قـولىغا گـىش
بارماي، ئەقلىدىن كېتىپ، ھوشىنى تاپالمايدىغان ئۇنداق ئـۇ-
لۇغۋار ھېسسىيات يوق. ئەكسىچە سەپەرگە چىقىشنىڭ ئـالدىدا
توپا ـ چاڭلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن رەڭسىز ۋە توپا قون-
مايدىغان كىيىملەرنى ئىزدەپ تـېپىپ ئـېلىۋېلىش، سـالاھىيەت
گۇۋاھنامىسى، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى دېگەندەكلەرنى بـە-
خەتەر، قولايلىق يەرلەرگە سېلىۋېلىش تەييارلىقى، مـەن بـار-
غۇچە ماشىنا توختاپ كېتەرمۇ، توك كەتكەنمىدۇ، يوللار ئۆز-
گىرىپ كەتمىگەنمۇ، ئۆز ۋاقتىدا بارالارمەنمۇ دەيدىغان ئەندىشە، بـۇ
يىل كىشلەر يەنە تـەبىئىي ئـاپەتلەرگە ئۇچراپ كـەتكەنمىدۇ
دەيدىغان قـايغۇ، كـىشلەرنىڭ ساددا ئـېڭىدا يـەنە قـانچىلىك
تـاتلىق جـاھان خـىياللىرى ۋە ئۆزگىچە تـەسەۋۋۇرلار پـەيدا
بولغاندۇ؟ يەنە قانداق يەرلىك تۈزۈمگە ماسلاشقان قـىزىقار-
لىق شوئارلار، ئىجتىمائىي لەتىپىلەر چىققاندۇ؟ دەيدىغان بـىر
خىل سىرلىق قىزىقىش بار. بەلكىم بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ مـېنى
تۈزكوركەن، ۋاپاسىزكەن، ئۆز يـۇرتنى سۆيمەيدىكەن دەپ
ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق راست گەپ قىلىشنى، كۆڭ-
لىدە نېمە بولسا شۇنى دېيىشنى، بـۇلۇڭ ـ پـۇچقاقلارغا كـىرد-
ۋالماسلىقنى، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىپ بـاشقىلارغا تـىكىلىپ
قـاراشنى، ئۆزىگـە ئـىشىنىشنى، مـەردانە يـاشاشنى مـاڭا مـەن
ئانچە سۆيمەيدىغان مۇشۇ يۇرت ئۆگەتتى.

ئۆگەتكەن ئادەت بويىچە راست گـەپ قـىلغاندا، مۇشۇ
يـۇرتنىڭ بـىر پـەرزەنتى بـولۇش سۈپىتىم بـىلەن مـەندە بـۇ
«سەھرا بازىرى»غا قـارىتا بـىر خـىل سـوغۇققان قـەدىرلەش
ھېسسىياتى ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بار. لېكىن ئـاغزى ـ ئـاغ-
زىمغا تەگمەي ماختاپ، كۆككە كـۆتۈرۈپ، بـاشقىلارغا كـۆز ـ
كۆز قىلىۋېلىش ئېڭى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھېس قىلى-
شىمچە، بۇ خىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسىمۇ مەندە كېيىنكى ھـايات
مۇساپىلىرىمدە، باشقا يۇرتتا ياشاۋاتقان كىشلەرنىڭ تۇرمۇش
ئۇسۇلى ۋە ياشاش ئەندىزىلىرىدىكى بىزنىڭكىگە ئوخشىماي-
دىغان پۇراقلارنى پۇرىغاندىن كـېيىن كـۈچلۈك دەرىجىدىكى
سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا كەپتۇ. ھازىر شۇنى ھېس قى-
لىۋاتىمەنكى، مېنىڭ ئېڭىمدىكى ئـويغاقلىق، سەزگۈرلۈك،

ھېس - تۇيغۇلاردىكى مۇكەممەللىك ۋە ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان بىر خىل ئىچكى مەسئۇلىيەت، ئاق كۆڭۈللۈك، مېھىر - مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىك قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ خېمىرتۇرۇچلىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ چوڭچەكسىمان، كۆرۈمسىز، تىنىم تاپمايدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىدىن، جاپالىق تەبىئىي شارائىتىدىن، ئۆلۈك توپا - چاڭلىرىدىن، ھەممە نېمىنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرۇۋېتىدىغان ھاياتلىق كارتىنىلىرىدىن ئۇزۇق ئاپتۇ. مەندىكى ئەرلىك ئىشەنچ ۋە باشقىلارغا تىكلىپ قارىيالايدىغان كۆز نۇرى ئاشۇ ئىتائەتچان، بويسۇنۇشچان قىزلارنىڭ نومۇس - ھايالىرىدىن ۋە ئەرلەرنى چوڭ بىلىدىغان ئاياللار جامائەتنىڭ مەندىكى ئەرلىك ياۋايىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇلايىملىقى ئارقىلىق پەپىلەپ ئەخلاق يۈگەنلىرىدە تىزگىنلىشىدىن كۆكلەپتۇ. شائىرلىق ھېسسىيات ۋە ئەقىل چېچەكلىرى ئۇنىڭ غىرىبلىقىدىن ۋە غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ھايات سىماسىرىدىن رەڭلىنىپتۇ. ئۆزۈم ھېس قىلىۋاتقان ھەر بىر مۇكەممەللىك، باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان تۇيغۇ ئەۋزەللىكى ۋە ھەممەنى ئۆزگەرتىپ تاشلاشقا، ھەممىنى يېڭىلاشقا ئۇرۇنۇش روھى ئاشۇ تۇپراقنىڭ ھاياتلىق سەھنىسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپتۇ. مەن چوڭ بولۇپ يۇرت ئاتلاپ ئوقۇش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە بولغاندىن كېيىن، ۋۇجۇدۇمدىكى ھاياتلىق دەسمايىلىرى، مەن تۇرۇۋاتقان مەيدان، باھالاش مىزانلىرى ۋە ئىنسانىي قىممەتنىڭ ئەمەلىيەتتە مەن تۇرغان مۇھىتتىكى ئادەتتىيلىك، غېرىبلىق، ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي غوۋغالار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. مۇشۇ خىل ئادەتتىي، جاپالىق، تىنجىق، شەكىلسىز ۋە ھەرقانداق ئىش تېزلا تەسىر قوزغاپ ناھايىتى تېزلا يوقاپ كېتىدىغان بۇ خىل ئۆزگىچە مۇھىتنىڭ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل روھنى يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى، جەنۇب يېزىلىرىنىڭ توپا - چاڭلىرىدا بىخلىنىپ چىققان بۇ خىل روھنىڭ ھامان بىر كۈنى مەلۇم شەكىلدە رېئاللىققا ئېقىپ كىرىپ، بىرخىل ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئوقۇرمەنلەر گەرچە مېنى يۇرتۋاز ئىكەن دەپ ئاغرىنسىمۇ، ئەسىر ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بۇ خىل روھنى «سەھرا بازىرى روھى» دەپ ئاتاپ تۇراي. مېنى ئۆز يۇرتۇمغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا ئىگە قىلغىنىمۇ دەل مەن كېيىن ھېس قىلغان سەھرا بازىرى روھىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ سۆيۈملۈك ياش يازغۇچىنى قەلەم تەۋرىتىشكە مەجبۇرلاۋاتقىنى ھەمدە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتۈرۈۋاتقىنىمۇ دەل ئۇنىڭ قەلىمىدە سىزىپ چىقىلغان ئاشۇ روھنىڭ چىقىندىلىرىدۇر. ئاشۇ ھېكايىدىكى باققال، ھارۋىكەش ۋە شوپۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ھاياتلىق كارتىنىلىرىدۇر. بۇ بازارنىڭ ئۆلۈك يۈزىدۇر.

خوش، بۇ روھقا قانداق مەنزىرىلەر مۇجەسسەملەنگەن؟ بۇ يەردە قانداق كارتىنىلار بار؟

## 2

بۇ يەردە زامانىۋىلاشقان «ئىلغارلىق» يوق، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان تەپەككۇر، مۇلاھىزە ۋە مەدەنىيەت چۇقانلىرى يوق، ئىلىم - پەن، خەلقئارالىشىش، دۆلەت ئاتلىغان شىركەت، يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىشى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە يوق، نىسپىيلىك نەزەرىيەسى، خۇشاللىق ئىچىدە ئۆلۈۋېلىش ۋە مودىرنىزم ئۇقۇملىرى تېخىمۇ يوق. لېكىن بىر خىل ئاددىيلىق ئىچىدە پىشىپ يېتىلگەن بىر خىل ھاياتنى سۆيۈش روھى، كوچىلۇك ھالدىكى ياشاش ئۈستىكى ۋە ھاياتلىق تەشنالىقى بار. ئېنىق مىزان بار، مۇھەببەت بار، ئۆز گۈزەللىكىنى ئۆز يولىدىشىدىن، سادىق ھەمراھىدىن ئىزدەيدىغان نازاكەتلىك ئاياللار توپى بار. جاھان بىلەن كارى يوق، ئۆز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تىنىمسىز تىپىرلايدىغان، ھەممىگە ساددىلىق ۋە ئاق نىيەت بىلەن قارايدىغان ئۈمىدۋار جاپاكەشلەر توپى بار. نادانلىق ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ قالدىغان ھايۋانىلىقلار، گاللىۋاڭلىقلار، ئىخلاسمەن مۇرىتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پارلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسانىي مۇكەممەللىكلەر بار. قىزغىن، چاققاپ كەتكەن، ئاق كۆڭۈل، مەيدانى ئېنىق، دەلتە «سەھرا بازىرى روھى» بار. بۇ يەردىكى باققاللار پەيلاسوپ، ئاتا - ئانىلار پسىخولوگ، بىكار تەلەپ ئاپتاپچى لايغەزەللەر سىياسىي مۇلاھىزىچى، زوۋاندار ئاياللار مۇھىم جامائەت ئەربابلىرى، ھارۋىكەشلەر پەرىشتە. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا مىزان - ئۆلچەملىرى، پىرىنسىپ ماددىلىرى، تەسىرى ۋە مۇشۇ قوۋمنى يېتەكلەشتىكى يېتەكچى پىرىنسىپلىرى بار. بۇلارنى بىيولوگىيەلىك مەخلۇق سۈپىتىدە قاراپ، قايسىبىر ئۇيغىنىشنىڭ ۋە ئارىپلىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىش، مۇشۇلارنى تىلغا ئېلىپ مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىكىنى يوشۇرۇن نامايان قىلىش، ئادەم دېگەن بالا تېپىش، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا دۇنياغا كېلەمدۇ؟! دېگەندەك دەبدەبەلىك يەكۈنلەر ئارقىلىق، بۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش ئىقتىدارىنى قايسىبىر ئاڭسىز جانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ

مىسال ئېلىپ، بىيولوگىيەلىك نۇقتىدا باھالاپ ئۆزىنى گويغانغۇچىنىڭ ۋەكىلى قىلىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل نادانلىق ۋە ئاسىيلىق. بۇ خىل تۇرمۇشمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ۋە مەنىگە ئىگە. مېنىڭچە بۇ خىل «سەھرا بازىرى روھ»ىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ ئىلغار پەننىي تەشەببۇسلار، پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلىيەتلىرى ۋە ئاللىقانداقتۇر ماكرولۇق تەڭشەش كۈچىگە ئىگە بولغان مېخانىزملار ئارقىلىق ياكى ئۈزلۈكسىز رەڭلىنىۋاتقان ماگارىپ ئىسلاھاتلىرى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىقمۇ بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ.

بىر ئۆمۈر ھاياتنى قوغۇن بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قوغۇن بىلەن ھاياتنى ئىزاھلايدىغان ساۋاتسىز «باققال پەيلاسوپ»لار، بىر ئۆمۈر شەھەر كۆرمىگەن ساددا مومايلار، تۇرمۇش ئۈچۈن چاپان ئالماشتۇرىدىغاندەك ئەر ئالماشتۇرۇشقا يۈزلەنگەن ئاياللار، دەرسكە قىزىقمايدىغان خورازۋاز ئۆسمۈرلەر، بىر يىللىق جاپاسىنى خوتۇن-بالىلىرىنىڭ بىر قېتىم پېتىر مانتىغا تويۇۋېلىشىغا تېگىشىۋېتىدىغان كەڭ قورساق كۆرۈمسىز ئەرلەردىن ئىبارەت بۇ تىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ھايات كارتىنىلىرى تېز كۆرۈنۈشلۈك ناخشىنىڭ سۈرەتلىرىدەك ئۆزىنىڭ ئىدىيىلاش كۈچى بىلەن ئاشۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا بەلگىلىك ئىز سېلىش ئارقىلىق بۇ خىل كىشىلىك تەبىئەتكە ئاساس سالىدۇ. بۇ خىل كىشىلىك خاراكتېر ئاشۇ يۇرتتىن چىقىپ، باشقا ئەندىزىلەر بىلەن بىر بوشلۇقتا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇچرىشىش بەلكىم بۇ خىل نومۇس ۋە ھايانى ئۆز تەبىئىتىگە ئايلاندۇرغان، پەزىلەتسىزلىككە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ئادەمنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدەك مۇھىم قانۇنىيەتنى تۇرمۇش پىرىنسىپلىرىغا سايە تاشلاتقۇزغان سۈزۈك، ئاددىي ۋە بىغەم «سەھرا بازىرى روھى»نى بىر خىل ھاياتىي كۈچكە تولغان، تىنماي پۇرسەت ئىزدەيدىغان، قەيسەر، ئۆز قوۋمىغا مەسئۇلىيەتچان، دائىم غەلىبە قىلىشنى ئىزدەيدىغان، ھاياتنى يېڭى-يېڭى غايىلەر ۋە ئىستەكلەر بىلەن بېزەيدىغان ھاياتىي كۈچى بار يەنە بىر خىل روھىي ئەندىزىگە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

بۈگۈن مەن كىتاب ۋە مەكتەپتىن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەندىم، مۇئەللىملەر ماڭا ھەممە نېمىنى بىلدۈردى، مېنىڭ تەپەككۇرۇمنى مەكتەپ يېتىلدۈردى دەپ بىلەتتىم. كېيىن تەدرىجىي ھالدا، ئەسلىدە مېنىڭ ھاياتىمغا ھەقىقىي تەبىئىي كۈچ بولۇۋاتقان ئاساسىي ئېلېمېنتلارنىڭ، مېنى بىكار قويمايۋاتقان، مېنى ئويلاندۇرۇۋاتقان، مېنى ئويلاشقا، قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە ۋە ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشىشقا ئۈندەۋاتقان ئاساسىي ئامىللارنىڭ مەن ئانچە سۆيۈپ كەتمەيدىغان ئاشۇ يۇرتتىكى بىغەملەرنىڭ ئېڭىمغا سېلىپ قويغان يوشۇرۇن ئىزدىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلىقلىرى، ھاياتلىق پوزىتسىيەلىرى ۋە ئامالسىزلىق ئالدىدا ئىپادىلەۋاتقان روھىي خاھىشلىرى ماڭا تەسىر قىپتۇ، كىشىلەر روھىنىڭ پىكاسسونىڭ رەسىملىرىدەك چۈشىنىكسىز بولۇپ كېتىشلىرى ماڭا مۇھىم ھاياتلىق دەرسى بوپتۇ. مەن بۈگۈنلا بۇ دەرستىن ئۆزۈم سەزمىگەن ھالدا نېمە ئىش قىلىش، قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلىۋاپتىكەنمەن. كىتاب ۋە مەكتەپ بۇلارنى باشقىلار بىلەن قانداق سېلىشتۇرۇشنى، بۇلاردىكى خۇسۇسىيەت ۋە خاسلىقنى قانداق بايقاشنىڭ مېتودلىرىنى، ئۇسۇل، پىرىنسىپلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئاشۇ كۆز ئالدىمدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا مېنىڭ دىققىتىمنى بۇراپتۇ. گەرچە جەنۇب يېزىلىرى ماڭا كىشىلەر مەنسىتمەيدىغان، ئېچىنىدىغان ۋە يوشۇرۇن كەمسىتىدىغان بىر قەدەر جاپالىق ۋە قىيىن شارائىت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل شارائىت مېنى ھەشەمەتلىك مەدەنىي شەھەرلەردە يېتىلدۈرەلمەيدىغان بىر خىل جانلىق ۋە قەيسەر روھ بىلەن تەمىنلەپتۇ. مەن ئانچە سۆيۈپ كەتمەيدىغان ئاشۇ قالاق ۋە نامرات يۇرت ئۇيغۇرچە ھىد، پۇراق ۋە روھ بىلەن ئۇيغۇرچە ئاڭ ۋە تەن بىلەن مېنى بۇ رەھىمسىز پىلانېتقا چەمبەرچاس باغلىۋېتىپتۇ. مەن جەنۇبنىڭ كەڭرى سەھرا بازارلىرىدىكى ئاتا-بوۋام ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرىمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرگىلى بولمايدىغان مۇھىتتا تۇرۇپ، دۇنياغا نەزەر ساپتىمەن.

3

گەپ بازىرىمىزدىن سەل چىقىپ كېتىپ قالدى، ھاياجان كېمىلىرى بىزنى مۇلاھىزە دېڭىزلىرىدا ھالسىراتتى، بىز يەنىلا ئاشۇ كىچىك بازاردىكى ئاددىيلىققا ۋە غېرىبلىققا قايتىپ كېلەيلى.

گەرچە بۇ كىچىك بازار ھەققىدىكى ھېكايىلەردە ئاپتور كىشىلەرنىڭ ئاددىيلىق ئىچىدىكى ئاق كۆڭۈللۈكىنى ۋە سەمىمىيلىكىنى، ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى، مەردانە ياشاشلىرىنى

كۆچلۈك يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك ۋە ھاياتلىق مىزانىغا ۋە تۇرمۇش ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۈز كۆڭۈللۈك بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇلمىسىدىكى ئاددىيلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىكى قۇرغاقلىق ۋە غېرىبلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ يەردە سىزگە سەممىيەتسىزلىكىڭىزنى نامايان قىلىدىغان ئۇنچە كۆپ پۇرسەت، ئىنسانىي پەزىلەتلىرىڭىزنى رەڭدارلاشتۇرۇۋېتىدىغان شارائىت يوق. ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلىۋالاي دېسىڭىز، ئۇلاردا يۇراپ تۇرىدىغان نىمجان تەن بىلەن بەلۋاققا چىگىۋالغان ناندىن باشقا، سىزنى ھەشەمەتلىك شارائىتقا ئېرىشتۈرىدىغان باغلام، باغلام پۇل يوق. يەنە بىر جەھەتتىن جان ساقلاش تۇپەيلى ئېلىۋالغان بىر ـ ئىككى باغلام قوناق شېخىمۇ بىلىنىشىلا قالسا، سىزنى بىر ئۆمۈرلۈك يامان ئاتاقتا، خاپىلىقتا، ئىتىبارسىزلىقتا ۋە جامائەت توپىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا دۇچار قىلىدۇ. بۇ يەردە شەھەرلەردىكىدەك باغلام ـ باغلام ئاقچىلارنى ئوغرىلىۋېلىش پۇرسىتىڭىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر باغلام قوناقنى خالىغانچە ئەكىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىڭىزمۇ يوق، بۇ يەردىكى ئاددىيلىققا نۇرغۇن ئىچكى مەنە يوشۇرۇنغان.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى باشقا يۇرتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ئۆز خىيالىي قەسرىدە كۆپرەك ياشايدۇ، ئۆز قەلبىدە پادىشاھلىق قۇرۇپ، پىرىنسىپ بەلگىلەپ، شائىرانە تۇيغۇلىرىنى چاپتۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتقا مەنە بېرىپ، مۇشۇ ئارقىلىق ھاياتتىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلاشنى ئىستەيدۇ. باشقىلارغا ئەھمىيەت بېرىش، قايناق مۇھىتنى قەدىرلەش، ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇشقا كۆپرەك ئۇرۇنۇش ئارقىلىق بۇ خىل تاشلىنىپ قېلىش تۇيغۇسىنى كۆمۈۋېتىشكە تىرىشىدۇ. جەنۇبلۇقلار ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق. ئىجتىمائىي مۇلاھىزىلەرگە، جەمئىيەت غوۋغالىرىغا پىكىر جەھەتتىن بەكرەك ياندىشىدىغان، ئەتراپتىكى ئىشلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغان پاراڭچى ۋە گەپدان كىشىلەرنىڭ كۆپرەك جەنۇبتىن چىقىشىمۇ بەلگىلىك تەبىئىيلىككە ۋە ئاساسقا ئىگە. شەھەرلەردىكى ھەممە نەرسە تەل شارائىت سىزنى جەمئىيەتكە ۋە كوللېكتىپقا قىزىقماس قىلىپ قويىدۇ. سىزنى جەمئىيەت بىلەن زىچ باغلىيالمايدۇ.

مەسئۇلىيەت دائىرىڭىز ئائىلە ۋە ئىدارە بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. تەۋەلىكىڭىز ئېنىق، مەنپەئەتىڭىزنى قوغدايدىغان تىرەك بار. جەنۇبتا سىز ئانچە ياقتۇرمايدىغان ئاشۇ يۇرتنىڭ غېرىبلىقى سىزنى تېلېۋىزور ۋە ئىنتېرنېت تورىغا ئەمەس؛ بەلكى كوللېكتىپقا باغلايدۇ.

ئەگەر سىز ئاشۇ نۇرغۇنلىغان سەھرا بازارلىرىدىكى بىر ئاددىي پۇقرا بولسىڭىز، ئۆيدىن سىرتقا چىقسىڭىز، سىزگە تۇنجى بولۇپ چېلىقىدىغىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى دەرەخ ۋە بوشلۇق، بەكرەك ماڭسىڭىز چوڭ يولدا ئۇچرايدىغىنى، تونىمىسىز مېڭىۋاتقان ماشىنا توپى ئەمەس، بەلكى بىرەر ئېشەك ھارۋىسىدىكى بىر ئائىلىلىك بىر قانچە ئادەم ياكى پىيادە ۋە ياكى ۋېلىسىپىت بىلەن كېتىپ بارغان سىز كۆرگەن، لېكىن ئىسمىنى بىلمەيدىغان يېرىم ناتونۇش بىر ئادەم. ئادەم سېغىنىپ چوڭ يولنى ئىچكىرىلەپ يەنىمۇ ماڭسىڭىز كۆرىدىغىنىڭىز، ئاتالمىش دوقا بويىدىكى بىر ـ ئىككى پاكار دۇكان ئالدىدا ئولتۇرغان، تاماكا چېكىشىپ ھاردۇق چىقىرىۋاتقان ياكى كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر قانچە ئەر ياكى ئوغۇل. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز دېيىشىدىغىنىڭىز قايسىبىر «بىمەنە دىرامىچىلىق» ئەسەرلەرنىڭ تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان مەزمۇنى بار، ئۇقۇم دائىرىسى يوق، بىر ـ بىرىگە باغلانمايدىغان، ھېچقانداق خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدىغان، مۇشۇنداق مۇھىتتا ئىشقىلىپ سىزگە گەپ قىلىپ تۇرۇشنىڭ، باشقىلار بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئازراق ھېس قىلدۇرالايدىغان مەنىسىز ۋە زۆرۆر باللارچە پاراڭلار، تەنە ۋە نارازىلىق ئارىلاشقان مۇلاھىزىلەر، كەنت ئىشلىرىدىكى ئادالەتسىزلىكلەر، يېڭىدىن كەلگەن ساقچى باللارنىڭ ھازىرقى ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى، يېڭى چىقىۋاتقان موتوسىكلىتلارنىڭ يېڭى تىپلىرى ھەققىدىكى بىلەرمەنلىكلەر ۋە كۆڭۈل خۇشى دە ـ تالىشىشلار، ئاچچىق ھەسرەت، چوڭ شەھەرلەرگە تەلپۈنۈش، ماشىنىچى قىزلار ھەققىدىكى تاتلىق ئۇھسىنىشلار...

ئۆيگە قايتسىڭىزچۇ؟ قايتىش سەپىرىدىكىسى يەنە ناھايىتى كەڭ كەتكەن بوشلۇق، ئالاھىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن جىمجىتلىق ۋە ناھىيە بويىچە بىرلا ۋاقىتتا قويۇلىدىغان كاناي ئاۋازى. يولدا سىزگە ئۇچرايدىغىنى بۇ خىل غېرىبلىقنى ھېس قىلالمايدىغان مەكتەپ باللىرى بىلەن ئۆز تۇرقى بىلەن سىزگە بىر ئاز يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان، ھارغىنلىق ۋە مەنىسىز-

لىك تۈپەيلىدىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، سەھەردە قىلغان گەرىملىرى بۇزۇلغان ياش مۇئەللىمە قىز.

ئەڭ ئاۋات ھېسابلانغان سەھرا بازىرىغا كىرسىڭىزمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بازارغا كىرىپ ئىككى تەرەپكە بىر قارىسىڭىزلا كۆرىدىغان ھەممە نەرسە تۈگىگەن، مەغرىب ۋە مەشرىق كۆز ئالدىڭىزدا بىر نۇقتىغا يىغىلغان. كەچتە ئاۋاتلىشىپ، بىر خىل قىزغىنلىققا ۋە قاينام تاشقىنلىققا ۋەكىل بولىدىغان قاۋاقخانىلاردىكى كۆرۈنۈشلەر، سالاھىيىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، كەسپى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى جىپسىلىشىپ كەتكەن ئىچەرمەنلەر توپى. بۇلار ئادەمگە ھايات مانا مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ئادەملەر ئۆزىدىكى تەنھالىقنى مەدەنىيلىك ئارقىلىق تولۇقلاپ ھاياتقا يېڭى مەنە بەرمەي، ئەكسىچە تەنھالىقنى غېرىبلىق ۋە بوشلۇق بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن كۈچەيتىپ، تۈرلۈك بەلگىلىمە- مىزانلار بىلەن بېزەپ ۋە رەڭدارلاشتۇرۇپ، مۇشۇنداق قولايسىز ۋە مەنىسىز ياشىغان بارمۇ؟ دېگەن تىنىمسىز خىياللار ئادەمنىڭ كۆز جىيەكلىرىگە يىغا ئەكەلگەن.

مەن سەھرا بازىرىدا يازغۇچى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئېسىل خىسلەتلەر ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن باشقا ئۇنىڭ يەنە بىر كەسمە يۈزىدە ياۋايىلىق، نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىككە تۇتاشقان نۇرغۇن قالايمىقان سىزىملار بار دەپ قارايمەن. بۇ يەردىكى بۇ سىزىملار، ئىنسان روھىدىكى قالايمىقانچىلىقلار ۋە تېز كۆرۈنۈشلۈك خاراكتېر بۇزغۇنچىلىقى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ يەرنىڭ غېرىبلىقى ۋە نامراتلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. تۇغما غېرىبلىق ۋە ئۆزگەرتىش قىيىن بولۇۋاتقان نامراتلىق كىشىلەرنىڭ روھىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كىشىلەرگە ھېچقانداق يۈكسەكرەك بىرەر رېئال ھاياتىي مەقسەت بەرمىگەن. ئاخىر كىشىلەردە ئامال قىلىپ بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە، بۇ خىل غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇپ ئاۋات ياشاشقا ئىنتىلىدىغان بىر خىل ئىستەك باش كۆتۈرگەن.

مەن غېرىبلىق ھەققىدە خىيال سۈرۈپ باقتىم. ئۇستازىم ئەسئەت مۇئەللىمنىڭ جۇغراپىيەلىك نۇقتىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ماقالىلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى 500 يىللىق چېكىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىنى قۇرمۇقۇر تەھلىل قىلىپ ئوقۇپ باقتىم. بۇ غېرىبلىقنىڭ بۇزۇلۇشنى ۋە ئۆزگىرىشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، زامانىۋى مېدىيەلەرنىڭ تەسىرى، قاتناش، مەدەنىيەت ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلەر... قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر بىلەن باغلاپ تەپەككۇرمۇ قىلىپ باقتىم. ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ، ياۋايىلىقىمۇ، نادانلىقىمۇ ئاپىرىپ تاقىغانمۇ بولدۇم. لېكىن بۇ يۇرتتا بارلىق دەردىنى ھاراقتىن ئالىدىغان، ھاراقتىن خۇشاللىق تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تاپالمىدىم.

## 4

بۇ بازارنىڭ روھى ھەققىدە سۆزلىگەندە، بۇ بازارنىڭ ئادەملىرى ھەققىدە، بۇ يەردىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئانچە نادان ئەمەسلىكىنى پات-پات ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان جەمئىيەت پاراڭلىرى ۋە ئىجتىمائىي لەتىپىلەر ھەققىدە سۆزلەش ئىنتايىن مۇھىم. ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇھىت ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇھىتقا ئىنكاس قايتۇرىدۇ ۋە بۇ جەرياندا مەدەنىيەت يارىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ مەلۇم بىر مۇھىتتىكى ياراتقان ئىجتىمائىيلىقى ۋە تەبىئىيلىكىنىڭ يىغىندىسى مەدەنىيەت دەپ قارىلىدۇ. بۇ بازاردىكى ئادەملەر ئۆزگىچە ياشاش ئەندىزىلىرىنى، مۇناسىۋەت فورمۇلالىرىنى ۋە ھاياتلىق مىزانلىرىنى قىسقىچە «سەھرا بازىرى مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلغان.

سەھرا بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ياشاشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك جەھەتتىكى بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى بۇ يەرنى بىر خىل ئۆزگىچە خاس سەھرا مەدەنىيىتىگە گىرىپتار قىلغان. بۇ يەردە بىز دائىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن دۇنيادا ئۇچرىمايدىغان، باشقا قوۋملار بىلمەيدىغان تەخسەكەشلىكنىڭ يېڭى-يېڭى شەكىللىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. خېلى يىراق جايلاردىكى بۇ يۇرتنى بىلىدىغان كىشىلەرمۇ بۇ يەرنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىنى بىلىدۇ. ھازىر ئەھۋال بۇرۇنقىدىن ياخشىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بەزى ھېكايىلەرنى، گەپدان، پاراڭچى كىشىلەرنىڭ غەلىتە ئىبارىلىرىنى، ئۆزگىچە لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

قوشنىمىز توختىكام گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل قىزىق پاراڭلارنى ماڭا زورلاپ دەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىدىن بۇ بازاردىكىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تېخىمۇ چۈشىنىمەن بەزىدە ئۇلارنىڭ

گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن. تـوختىكامنىڭ دېيـىشىچە،
ئۆتكەن يىلى بازىرىمىزدىكى كـاللاردا بـىر خـىل يـۇقۇملۇق
كېسەل تارقىلىپ كېتىش مۇناسىۋىتى بـىلەن كـاللارنىڭ بـازار
ئاربلاپ سېتىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ناھىيەمىزنىڭ چارۋىچى ـ
لىق خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم بۇ بازارنىڭ خـىزمىتى ـ
نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. بۇنىڭدىن تۇيۇقـ ـ
سىز خەۋەر تېپىپ قالغان بازارنىڭ توي خېتى كېسىش ئـىشلى ـ
رىغا مەسئۇل بىر كادىرى بـارلىق ئـىشلىرىنى تـوختىتىپ نـەق
مەيدانغا كەپتۇ. ئۇ چاغدا ناھىيە ھاكىمى خىزمەتلەرنى بىر قۇر
تەكشۈرۈپ، مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، يـول
دوقمۇشىغا قۇرغان چازا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا چۈشلۈك تـا ـ
مـاقتا ئـولتۇرغانىكەن. كـېچىكىپ قـالغانلىقىنى ھـېس قـىلغان
كادىر بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە ھاكىمدىن ئامانلىق ۋە كـە ـ
چۈرۈم سورىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل بېرىپلا يـول بـويىدى ـ
كى چازا بېقىۋاتقان كەنت كادىرلىرىغا ۋە بىر قانچە دېھقانغا:

ــــ كالىنىڭ تـېزىكىدەك بـۇ يـەردە قـارىشىپ تـۇرماي،
ئۆيمۇئۆي كىرىپ كاللارنى تېزرەك ئېنىقلاپ چىقىش، قايسى
كـالا كـېسەل، قـايسى كـالا ساق، مـاڭا بـىر سائەت ئـىچىدە
جاۋاب بېرىش، ئەگەر كىمنىڭ ئۆيىدە كېسەل ياكى گۇمانلىق
كالا بايقىلىدىكەن، شۇ ئۆيدىكىلەر تـوي خـېتى ئـالىمەن دەپ
خام خىيال قىلىشمىسۇن. مەن بۇنداق كالىغا ياخشى قارىماي،
يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قـۇ ـ
رۇلۇشىغا، چوڭ ۋەزىيەتكە ئـاۋارىچىلىك ئـېلىپ كـەلگەن نـا ـ
كەسلەرگە ھـەرگىز جـاڭزا (تـوي خـېتى ــــ ئـاپتوردىن) بـەر
مەيمەن. مـەن مۇشۇ يـۇرتتا بـولىدىكەنمەن، بۇنداق ئـائىلە ـ
لەردىن ھېچكىم بالا ئۆيلەيمەن، قـىز چـىقىرىمەن دەپ خـيال
ئەيلىمىسۇن، قاراپ تۇرماي تېز بولۇش ــــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ھاكىم ھـەيران بـولۇپ گـەپ
قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئېگىز بويلۇق يىشى چوڭراق كـەلگەن
بىر قارامتۇل دېھقان شۇ ھامان:

ــــ ئالىمجان ئۇكام، بۇ ئەمدى قانداق تـەخسكەشلىك،
سىز بىزنىڭ يۇرتنىڭ تەخسكەشلىككە يىڭى تۇر قوشتىڭىزمۇ
قانداق؟ بۇ سىزنىڭ خىزمەت دائىرىڭىزدىكى ئىش ئـەمەسقۇ،
چارۋىچىلىق بىلەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ نـېمە مۇناسىۋىتى
بار. ئەخەت ھاكىم سىزنىڭ خىزمەت ساھەيىڭىزنى باشقۇرماي ـ
دىغۇ دەيمـەن. تـوۋا، بـۇ خـىل تـەخسكەشلىككە نـېمە دەپ
ئىسىم قويساق بولار. توغرا، بۇ قېتىمقىسى ئۇدۇل كـەلمەيدى ـ

غان تەخسكەشلىككەن. ئەتە ـ ئۆگۈن كالىغمۇ، ئات ـ ئۇلاغـ ـ
لارغمۇ توي خېتى كېسىپ بـەرمەيدىغانسىز؟ ــــ دەپتۇ، بۇ ـ
گەپنى ئاڭلىغان ھاكىممۇ دېمەكچى بولغان گېپىنى يـۇتۇۋېتىپ
كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بازاردىكى ئاپتاپ سۇنۇپ ئـولتۇرغان كـىشلەرنىڭ پـا ـ
راڭلىرىدا، بۇنداق پاراڭلار دائىم بـولۇپ تـۇرىدۇ ۋە كـۈندىن ـ
كۈنگە يېڭىلىنىپ سەھەرلىك گېزىتنىڭ قىزىق نـۇقتا خـەۋىرى ـ
دەك ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقاپ تۇرىدۇ. بۇ گەپلەرگە قـاراپ
ئادەمنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملەرنى بىر جەھەتتىن نادان دېگۈ ـ
سى كەلمەيدۇ. گەرچە بۇلار مەمەدانلىق قـىلغاندەك تـۇرغىنى
بىلەن بۇلارنىڭ گەپلىرىدە مەنە ۋە تەپەككۇر بار، ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرگە بولغان كۈچلۈك ئىنكاس بار. بەزى لەتىپىلەر ئـە ـ
چىدە قانۇننىڭ كەم تـەرەپلىرىگە قـارىتا ئـويلىنىش، دۆلـەتكە
بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك بار.

توختىكامنىڭ دېيىشىچە، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ قـالايمىقان ـ
لىقى ۋە پىلانسىزلىقى تۈپەيلىدىن بازار قۇرۇلۇشىنى تـەرتىپكە
سېلىش، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەي ـ
تىش جەريانىدا، دائىم ئاممىنىڭ مـەنپەئەتى بـىلەن كـوللېكتىپ
ياكى ئىدارە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا بەزى نورمال سۈركىلىش ـ
لەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق زىددىيەتلەردىن كۆپرەك كـۆرۈ ـ
لىدىغىنى تېرىلغۇ يەرنى ئېلىش مەسىلىسى. ھۆكۈمەت ئـورۇن ـ
لىرى بـۇنداق مـەسىلىلەرنى بـىر تـەرەپ قـىلىشتا، دۆلـەتنىڭ
قانۇن ـ نىزاملىرىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلە ـ
نىپ بەزى مەسىلىلەرنى تېزرەك ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشقا ئۇرۇ ـ
نىدۇ. شۇڭا كىشلەرنىڭ ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش بـاھانىسىدە،
مۇھىم يول ئېغىزلىرىدىكى تاملارغا ھەر خـىل ئـۇزۇندىلەرنى
چوڭ خەتلىك قىلىپ يازدۇرۇۋالىدۇ. مەسىلەن: «يـەر دۆلـەت ـ
نىڭ، بايلىق دۆلەتكە مەنسۇپ»، «مائارىپ ــــ خەلقنىڭ» دې ـ
گەندەك. شۇنداق مـەسىلىلەر يـۈز بـەرگەن بـىر كـۈنى، بـىر
«جاھىل» بازار پۇقراسى ئـائىلىسىنىڭ كـەلگۈسىنى ئـويلاپ،
دۆلەتتىن 30 يىللىق ھۆددە ئالغان يېرىنى مەلۇم بـىر ئـىدارى ـ
نىڭ قۇرۇلۇش سېلىۋېلىشىغا بەرمەپتۇ. بۇنىڭدىن بېشى قاتقان
مـەسئۇل خادىملار كـونا ئـۇسۇل بـويىچە، مۇشۇ يـۇرتتىكى
كونا، تەجرىبىلىك ھـەممىنى قـورقۇتىدىغان، زوۋاندار پېشقە ـ
دەم كـادىرنى ئـوتتۇرىغا چـىقىرىپتۇ. بـۇ كـادىر ئـەزەلدىن
بۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇ تاملاردى ـ
كى شوئارلاردىن پايدىلىنىپلا، كىشلەرنى ئاسانلا پـوسكايتى ـ

ۋېتىدىكەن. ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېتىدىكەن، ئۇ بۇ قېتىممۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرقانچە دۆلەت مەمۇرى ۋە كەنت كادىرىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن جاھىل پۇقرانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، بارلىق جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

— دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، يەر دۆلەتكە مەنسۇپ، ئۇنىڭغا شەخسنىڭ ئۇنداق، بۇنداق دېيىش ھوقۇقى يوق. دۆلەتكە يەر بېرىش مەجبۇرىيەت. بۇنداق ئىشلاردا مۇرەسسە قىلىش ھاجەتسىز. قانۇنغا قارشى چىققانلىق دۆلەتكە قارشى چىققانلىق. بۇ ئىشتا بەلگىلىمە ئېنىق، دۆلەت ئاتا، پۇقرا بالا، نەدە بالا ئاتىغا قارشى چىققان، گەپ ئاڭلىمىغان ئىش بار، — دېگەندەك بىر يۈرۈش گەپلەرنى، ئادەم قورقۇتىدىغان پاراڭلارنى ۋارقىراپ كۈچلۈك ئاۋازدا ئەتراپىغا يىغىلغان ئاما ۋە كەنت كادىرلىرى ئالدىدا دەۋەتكەندىن كېيىن، بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىققان ھېلىقى جاھىل بازار پۇقراسىدىن سوراپتۇ:

— ھە، ھېزىم جاھىل، ئاڭلىساق كادىرلارغا، يۇرت كاتتىلىرىغا ھۆركىرەپ، يەرنى بەرمەپتۇقۇ. بۇ راستمۇ، بۇنداق ئىشنى قىلىشقا سىلىنى كۈشكۈرتكەن زادى قايسى قاپ يۈرەك. دۆلەت بىلەن، قانۇن بىلەنمۇ ئويناشقان بارمۇ؟ سىلى دۆلەتنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭلا. جاھىل دەپ قويسا ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق جاھىللىق قىلغان بارمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان «جاھىل» پۇقرا شۇ ھامان:

— بۇ مېنىڭ دۆلەت بىلەن قارشىلاشقىنىم ئەمەس، ئوقۇمىغان بولساممۇ مەندىمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق يۇرت ئېڭى، دۆلەت ئېڭى بار. مەنمۇ يۇرتنى، دۆلەتنى سۆيىمەن. يۇرت تەرەققىي قىلسا، يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنسا ئەلۋەتتە ياخشىدە. لېكىن مەنمۇ جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، بۇ يەرنى تارتىۋالساڭلار مەن ئائىلەمنى قانداق باقىمەن. كۆرسىتىپ بەرگەن يېرىڭلار ئاز بولۇش بىلەن بىرگە شۇدىگەر، سۇ بارمايدىغان جاڭگالدىكى بوز يەر ئىكەن. ھازىرقى يەرنىمۇ دۆلەت مېنى پۇقراسى، بالىسى دەپ، كۆڭۈل ئالسۇن دەپ ئاتا يوللۇق بەرگەن تۇرسا، سىلەر ئۆزۈڭلارچە بىز دۆلەت دەپلا تارتىۋالساڭلار قانداق بولىدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمەي مەسىلە ھەل قىلالمامسىلەر؟ — دەپتۇ.

«جاھىل» پۇقرانىڭ گەپ-سۆزلىرىدىكى مەنتىقىنى ھېس قىلغان پېشقەدەم كادىرنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كەپتۇكى، ئىمكانىيەت بولسا بۇنداقلارنى خەلقئالەم ئالدىدىلا چايناپ يۇركۇۋەتكۈسى كېلىپ كېتىپتۇ-دە، ئىشنى پەملىۋېلىپ، سەزگۈرلۈك بىلەن شۇ ھامان تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ.

— ھەي ھېزىمەك، سەن بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن، كېلە بۇياققا، بۇياققا كەل، چاققان بول. قارا ئاۋۇ تامدىكى «زېمىن — دۆلەتنىڭ، بايلىق دۆلەتكە مەنسۇپ» دېگەن چوڭ يېزىقلىق تۇرغان قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى كۆردۈڭمۇ، ئوقۇدۇڭمۇ؟ سەندەك ساۋاتسىز دەلتىلەرنى كۆرمەي قالمىسۇن، يۇرتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ۋاقتنى ئالمىسۇن دەپ شۇنداق چوڭ بالادەك قىلىپ يېزىپ قويغان. بۇ بەلگىلىمە، سېنىڭ ياكى مېنىڭ دادام چىقارغان قانۇن ئەمەس. بۇنى مەركەز چىقارغان. سەن ئۆزۈڭ بىر ئېيتە، مۇشۇ ئامىنىڭ ئالدىدا بىر سەممىيلىك بىلەن دەپ باقە: زېمىن زادى كىمنىڭ؟ يەر زادى كىمنىڭ؟ يەرنى ساڭا زادى كىم بەردى؟

بۇنداق گەپكە خېلى بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان، ھېزىم «جاھىل»مۇ بوش كەلمەپتۇ. شۇئانلا:

— توغرا، يەر دۆلەتنىڭ، زېمىن دۆلەتنىڭ. ئۇنداق سەن كادىرلار دەپ بېقشە. مەن زادى كىمنىڭ؟ پۇقرا زادى كىمنىڭ؟ مەن كورېيەنىڭمۇ يا گېرمانىيەنىڭمۇ؟ مەنمۇ دۆلەتنىڭ. مەنمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ. گەرچە بەك ئەقىللىق بولۇپ، دۆلەتكە كۆپ تۆھپە قوشالمىساممۇ، مەنمۇ قىزىل بايراق ئالدىدا تىك تۇرۇپ، دۆلەت گېربىگە قاراپ تۇرۇپ ياشاۋاتىمەن. ئەگەر تامدىكى يېزىپ قويغان خەتكە ئاساسەن ئىش بېجىرىشىدىغان بولۇشساڭ، ھازىرلا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ تامغا يېزىپ قويۇش، قانۇن كىتابقا مېنىمۇ كىرگۈزۈپ قويۇش — دەپ جاھىللىق بىلەن ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كادىرلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بۇ مەسىلىنى رەھبەرلىككە قايتا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن قايتىشىپتۇ، پېشقەدەم كادىرنىڭ زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇنداق ئىجتىمائىي لەتىپىلەر، بۇ دىيالوگلار بۇ يەردىمۇ بىر خىل جانلىق تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، كىشىلەرنىڭمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭكى مەنپەئەتنى جانلىق شەكىل بىلەن قوغدىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇنداق ھازىر جاۋابلار، كاللىسى ئوچۇق ئادەملەر ئومۇمىي

نوپۇسقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا ئاز. كۆپ سانلىق نوپۇس يەنىلا ئۇقتلى بولمايدىغان ئىمجان خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا بۇ يەردە سىياسەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىپ، بۇ يەرنى ئۆزگەرتىشمۇ خېلىلا قىيىن. نۇرغۇن ياخشى تۈزۈلمىلەر ئۆز ئوبيېكتلىرىنى تاپالمايدۇ. مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنىڭ كىشلەرنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە تېز. دائىم نادانلىق ئىچىدىكى خاراكتېر ئېنىقسىزلىقى ۋە دىنىي ئەقىدە ئىچىدىكى جاھاندارچىلىق قاراشلىرى توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، كىشىلەر يۇرتتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىگە باھا بېرىپ بولالماي، ئاخىرقى نەسەب ۋە ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىلىق شۇ ئادەمگە باھا بېرىدۇ. بۇ خىل باھالاش ئۇسۇلى بۇ يەرگە نىسبەتەن ئاساسىي جەھەتتىن توغرا چىقىدۇ. ئەمىسە بۇ يەردە قانداق خاراكتېردىكى، قانداق تىپتىكى ئادەملەر بار؟ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى زادى قانداق؟

5

بۇرۇن بىز باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان ۋاقىتلىرىمىزدا بىر ياۋاش مۇئەللىم بولىدىغان، ئۇنىڭ ئۆيى بازىرىمىزدىكى مەسچىت بىلەن قوشنا بولۇپ، ئۇ دائىم ياخشىلىق ۋە ساۋاب ئىزدەشنى تۇرمۇش مىزانى قىلغان. بۇرۇن مەلۇم بىر دەم ئېلىش كۈنى ئۇ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بازىرىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ رېشاتكىسىنى ھەقسىز سىرلىغانىدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بالىسى بىز بىلەن توپ ئويناشقا چىقمىغان، كېيىن ئۇ ئادىدىي ئوقۇتقۇچىدىن، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولدى. تەدرىجىي ئۆسۈپ بۇ بازارنىڭ مۇھىم مائارىپ ئەمەلدارى بولدى. ھاراق ئىچىشنى باشلىدى، ھاراق ئىچىپ ئۆيگە كىرگىچە بىر قانچە قېتىم مەسچىت يېنىدا يېتىپ قېلىپ، جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالدى. 60 ياشقا كىرگەن يىلى، دوپپا كىيىۋەرگەچكە بېشىم قىچىشىپ كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، چاچلىرىنى قارا بوياپ، يالاڭباش يۈرۈشنى باشلىدى. ۋالىس، تانسا ئۆگەندى، يىگىتلەردەك قان ـ قېنىغا پاتماي، قىز ـ ئاياللارغا كۆز تىكىشكىمۇ ئۈلگۈردى. ئۆزىنى مۇشۇ يۇرتنىڭ مائارىپ مىنىستىرىدەك ھېس قىلىپ يۈردى. كىشىلەر ئۇنىڭدا كېيىن شەكىللەنگەن كىبىر ۋە تەمەننانىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى پەقەت چۈشىنەلمەي جىلە بولۇپ كەتتى. ئەپسۇس 62 ياشتا ئامالسىز پېنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئاڭلىسام ئۇ ھازىر بادام دوپپىسىنى قايتا تېپىۋاپتۇ، تېخىمۇ چوڭىنى كىيىۋاپتۇ.

تۇداخۇن موزدۇز بىر ئۆمۈر مۇشۇ يۇرتتىن چىقماي، ھالال ئەمگەك بىلەن بىر كۆنلۈك تىرىكچىلىكىنى پاكىز تۈگىتىپ ياشىغان ئادەم. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئاياغ ياماش، ئىبادەت قىلىش ۋە بالىلىرىنى بېقىشتىن باشقا ئارتۇق ۋەزىپىسى يوق. ئۇ مۆمىن، ياۋاش بولغاچقا، ئايالى ئۇنى ياراتماي چۆچۈردەك تۆت بالىسىنى تاشلىۋېتىپ يۇرتتىن قېچىپ كەتتى. موزدۇز ئۇستام بىر مەزگىل ئەلەم تارتىپ دۇكان ئاچمىغان بولسىمۇ، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن بازار مەركىزىدە پەيدا بولدى. ئەلەم تارتقان كۈنلىرىدىمۇ يەنىلا ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى. باشقىلاردەك دەردىنى ھاراقتىن ئېلىپ يۈرمىدى. ۋايساپ جاھاننى بېشىغا كىيمىدى. ھەر بىر ئىشتا بىر مەنە بار دېگەن ئەقىدە بويىچە ياشىدى. گەرچە جامائەتتىن خىجىل بولسىمۇ، بىر مەزگىل نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇپ يەنە كىشىلەر توپىنى تېپىۋالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى تېزلا ياددىن چىقىرىۋەتكەچكە، ئۇ يەنىلا بۇ ئاددىي كەسپىنى باشلىۋالدى. لېكىن ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم چىقتى. بىر كۈنى سومكا ئوغرىلىتىدىغان بىر ئايال ئۇنى ئالداپ، تۇغۇلغىنىغا ئۈچ ئايلىق بولغان بالىنى سومكىغا قاچىلاپ تاشلاپ بېرىپ قېچىپ كەتتى. بازارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، سەن ئايالىڭنى قاچۇرۇۋېتىپ باشقا يەردە تۇغدۇرۇپسەن دەپ ئېسىلىۋېلىپ، ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى جەرىمانىگە ئېلىۋېلىپ ئۇنى قاق سەنەم قىلىپ قويدى. لېكىن ئۇ يەنىلا كونا ئادىتى بويىچە كۈلۈپ قويۇپ، ھەممىنى خۇدادىن كۆرۈپ، بۇ بەش بالىغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ قاتارغا قوشۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر بالىسى ھازىر شىنجاڭ تولۇقسىز سىنىپىغا ئۆتتى. ئۆتكەن يىلى يۇرتتىكى بىر باي، ھالىقتىدىن 5000 يۈەن ئۆشرە ـ زاكات ئايرىپ، ئۇنىڭغا تەڭلەپتىكەن ھېچقاچان ئاچچىقلانمايدىغان تۇداخۇن ئۇستام، ئۆتكۈنىڭ چەمى بىلەن بۇ باينىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ. مەن بىر قېتىم پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭغا چاندۇرماي، غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى بىر كىتابىي ئۇزۇندىلەرنى دەپ بەرسەم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە ماڭا سىز تېخىچە كىچىك بالا ئىكەنسىز دېدى ـ دە، يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاتسىزلىقى، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلىكى ماڭا ئايان، لېكىن مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كۈلگىنىنى،

ئۇنىڭ قەيسەرلىكىنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

مەن تىلغا ئالمىسام بولمايدىغان شەخسلەرنىڭ بىرسى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆيگە ئانامدىن ياردەم سوراپ كىرگەن ئايال — مەريەم خېنىم. ئۇ ئايال 8 - قېتىملىق توي خېتى ئېلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ ئانامدىن ياردەم سوراپ كىرىپتىكەن. شۇ چاغلاردا مېنىڭ تاغام — ئاتامنىڭ ئاكىسى بازىرىمىزنىڭ توي خېتى ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىدۋاتقان چاغلار ئىدى. مەن كىشلەرنىڭ كۆپ توي قىلغانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغان بولسامۇ، بۇنداقلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ھاياتىدا سەككىز قېتىم توي قىلغان ھوللىۋودنىڭ بىر كىنو چولپىنى ھەققىدە پەقەت توردا بىر قېتىم مەلۇم ئۇچۇرلارنى كۆرگەنىدىم. مەن كۆرگەن چولپاننىڭ 8 - قېتىملىق تويىغا باھا بېرىشتە، تەھلىلچىلەر ئۇ ئايالنى تۇرمۇشقا ناھايىتى قىزغىن، مول ھېسسىياتلىق، ھەر قېتىملىق تويىغا ۋە تۇرمۇشقا شۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق مول ھېسسىياتلىق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتىكەن، مۇشۇ پىكىر كاللامدا بولغاچقا مەريەم خېنىمغا قايتا - قايتا قاراپ كەتتىم. بىزنىڭ پارىڭىمىزدا، مەن ئۇ ئايالدىن توي قىلىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەققىدىكى تەسىراتىنى سورىسام ئۇ ئايال ماڭا ھوللىۋود چولپىنىدەك كۈلكىسىنى، ھېجىيىپ تۇرغان ھالىتىنى ئەمەس، ئەكسىچە كۆز يېشىنى سوۋغا قىلدى. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ھازىر ئەرلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يىرتىق چاپاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ قەتئىي يامان يولغا ماڭمايدىغانلىقىنى، يېشى چوڭراق ئەرلەرنى تېپىپ تېگىپ، ئۇلارنىڭ تاھارىتىگە سۇ بېرىپ ساۋاب ئېلىپ ھاياتىنى قامدايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلاردىن قالغان مال - مۈلۈك بىلەن بىر مەزگىل جاھانسازلىق قىلىپ، ئامال بولمىغاندا، چوقۇم يەنە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياشىنىپ قالغان ئەرلەرنى تېپىپ يەنە توي قىلىدىغانلىقىنى، ھازىرغىچە مۇشۇ يۇرتتا ۋە يۇرت ئاتلاپ يەتتە ئەرگە تەگكەنلىكىنى، لېكىن توي خېتى بولمىسا، نىكاھ ئوقۇلمىسا ۋە توي مۇراسىمى بولمىسا ھەرگىز ئەرلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ياشلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن باشقىلارنى ياقتۇرۇش ۋە ياقتۇرماسلىق مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىسىز دەپ سورىسام ئۇ مەن ھازىر ئېيقلا بولمىسا، ھەرقانداق ئادەمنى ياخشى كۆرەلەيمەن دېدى. ئەگەر قىش كىرىشتىن بۇرۇن توي قىلمىسا، ئالدىنقى يولدىشىنىڭ 90 ياشلىق ئانىسىنىڭ ئىگە - چاقىسىز قېلىپ سوغۇقتا ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. گەرچە ھوللىۋودنىڭ چولپىنىنىڭ ھېسسىياتىنىڭ موللۇقىغا ھازىرغىچە گۇمانىم بولسىمۇ، لېكىن مەريەم خېنىمنىڭ سۆيگۈسىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسسىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بۇ ئايالغا بىر خىل ھۆرمەت نەزىرىم بىلەن قاراپ قويدۇم ۋە ئانامنى 40 ياشلار چامىسىدىكى بۇ سۆيۈملۈك ئايالغا تېزرەك ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇردۇم.

بۇ بازاردا مەن تەسۋىرلەيدىغان ئادەملەر نۇرغۇن، تىپلار كۆپ. بەلكىم ۋە بۇ قۇرلار بەزى ئوقۇرمەنلەرگە ئاددىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا بۇ مېنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن، كۆزىتىش نۇقتامنىڭ خىرەلىكىدىن ۋە ياكى ئۇلار ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ مەن ئۇچراتقان تىپلارغا قارىتا كۈچلۈك ۋە مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇلار راستىنلا ماڭا تەسىر قىلغان ئادەملەر، مېنى ھاياجانغا ۋە ۋەسۋەسىگە سالغان ئادەملەر. ئاشۇ سەھرا بازىرىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ئېلېمېنتلار مەن ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ سەھىپەمنىڭ ئاخىرىدا مەن تىلغا ئېلىشنى زۆرۈر دەپ قارىغان، لېكىن بۇ بازاردىكى ئادەملەر تولۇق بىلمەيدىغان، بىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىچكى ھېكايىسىنى مۇزاكىرە قىلمايدىغان يەنە بىر شەخسنى، بىر «بۇزۇق»نى تىلغا ئېلىپلا بۇ سەھىپىنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. بازاردىكىلەر ئەخلاقىي جەھەتتە ئالاھىدە سەزگۈر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئېڭى بىۋاستە جىنسىيەتكە چېتىلىدۇ. ئەخلاقسىز دېگەن ھامان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىر ئادەمنى، ياخشى دېگەن ھامان بىر تەقۋادار مۇخلىسنى ئەسلەيدۇ. بۇلار بازارغا كىرگەن يات جىنسنى جىن شاياتۇنلاردەك يۇراپلا بىلەلەيدۇ. مەن بۇ «بۇزۇق»نى بىر قېتىم يېقىندىن كۆرگەن، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان، ئۇ ئەسلىي مۇشۇ يەرنىڭ بازار مەركىزىدىن ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ مەن بىلىدىغان قەيسەر بىر مائارىپچىنىڭ، مۇشۇ يۇرتتا يېقىنقى زامان مەدەنىيەت ئۇرۇقىنى چاچقان بىر ئۆلىما ئۇستاز بىلەن، مېنى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، تۇغما ماتېماتىكا تالانتى ۋە ئەقلى بىلەن

ھەيران قالدۇرغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى
قانداشلىق جەھەتتە باغلاپ تۇرىدىغان بىر مەخلۇق ئىكەنلە-
كىنى ئۇقۇپ باشلىرىم قېيىپ كەتتى. قەيسەر مائارىپچىنىڭ
يۈرەك پارىسى، تالانت ئىگىسىنىڭ ئانىسى. مەن پېداگوگىكا
نەزەرىيە كىتابلىرىغا، داڭلىق پېداگوگكلارنىڭ مۇھىت ۋە تەلىم-
تەربىيە ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا قايتىدىن چوڭقۇر نەزەر
سېلىپ چىقتىم. لېكىن ھەيرانلىقىم بېسىلمىدى. ئىرسىيەت ۋە
مۇھىتتا مەسىلە يوق، ئۆلۈپ كەتكەن، ھەممەيلەن ئەسلەۋاتـ
قان مېھرىبان ئۇستاز بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. تۇغمىلىق،
ئىرسىي ئەقىل - پاراسەت ئۆلمىگەن، ئۆز تېنىدىن چۈشۈر-
گەن ھۆجەيرە، تالانتلىق تىرىك شاھىت بۇ نۇقتىنى كۆرسە-
تىپ تۇرىدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇ يولنى تاللايدۇ؟ نېمە
ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ، شەھۋەت كوچىلە-
رىدا ئېزىلىپ، ئۆز ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. بالىسىغا ئانىلىق
سالاھىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاچىلىق سالاھىيەت بىلەن
كۆرۈنۈپ، بالىسىنى ئانا دېيىش ھوقۇقىدىن، ئۆز تىلىنى بالام
دېيىش لەززىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، مەكتەپ رېشاتكىلىرىنىڭ
بۇلۇڭلىرىدىن بالىسىغا قاراپ، ئۈن - تىنسىز ياش تۆكىدۇ؟
ئۇ ھېچكىم ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇش يۇرتىغا ئېرىشكەنمۇ؟
ئاشۇ جاپاكەش ئۇستاز ئامراق ئەركىسىنىڭ ھازىرقى نىجىس
كېسەل ئالدىدىكى شەرمەندە ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىنى
كۆرۈپ بەلكىم قەبرىسىدە تىك ئولتۇرغاندۇ. مەن ھەر قېتىم
ئاشۇ ئوماق بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاچىسى ھەققىدە ۋاتىلداپ
سۆزلەپ كېتىشلىرىگە قاراپ، كۆزلىرىمنى ئۇيۇقلارغا ئېلىپ
قاچتىم. گەرچە مومىسى، ھاممىسى ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا
ئاشۇ «بىچارە بۇزۇق»نى ئاچاڭ دەپ تونۇشتۇرغان بولسى-
مۇ، ھەممەيلەن بىر مەيدان ئويۇن ئويناۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار بۇ سەككىز ياشلىق بالىنىڭ ئېڭىنى ئالدىغان
بىلەن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئالدىيالماپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ
بۇ «بۇزۇق ئانىسى»نى تونۇپ قاپتۇ. سىلەر بۇ بالىنىڭ ئاچى-
سى ئېلىپ بەرگەن كىيىمنى باللارغا داملىتىۋالغان، كۆز - كۆز
قىلىۋاتقان چاغدىكى ھالەتنى كۆرگەن بولساڭلار ئاندىن بۇنى
ھېس قىلالايسىلەر. ئاچىسى ئېلىپ بەرگەن كىيىم بىلەن ئانى-
سى ئېلىپ بەرگەن كىيىمنىڭ مەڭگۈ پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى
پەقەت بالىنىڭ يۈرىكىنىڭ ھېس قىلالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر
چۈشىنەلەيسىلەر. مەن ئاشۇ نىجىس كېسەلگە گىرىپتار بولغان
«بۇزۇق»نىڭ مەكتەپ رېشاتكىسىدىن بالىسىغا يوشۇرۇن قا-
راۋاتقاندا، قېنىق لاك سۈركەلگەن كۆزىدىن چۈشكەن يۇزد-
ىدىكى ياش تامچىسىدا، بىر قۇياشنىڭ قەترىسىنىڭ پارلاۋاتقاند-
لىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بىراق بۇ بازاردىكىلەر بۇنى مەڭگۈ
ھېس قىلالمايدۇ، مەرھۇم ئۇستازمۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق
ئىشلارنى ھېس قىلالمايدىغان، مەسلىنىڭ شەكلىگىلا قارايدى-
غان ئادەملەرنى تۇركۇم - تۇركۇملەپ تەربىيەلەپ چىققانلىقى-
دىن ئەپسۇسلىنىش ئىمكانىيىتىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ.

يۇقىرىقىلار سەھرا بازىرىدىكى ھېكايىگە ئايلىنىشنى
كۈتۈپ ياتقان پېرسوناژلار، تېپىلار. سەھرا بازىرىدىكى
باققال، ناۋاي ۋە هارۋىكەشلەر بىلەن بىللە مۇشۇ يەردىكى
روھقا ۋە ھاياتلىققا تەڭ شاھىت بولۇۋاتقان، باشقا بىر رول
تەقسىم قىلىنغان ئارتىسلار. ئاددىيلىقىنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەت-
نىڭ قارشىسىدىكى يەنە بىر تەرەپ، يازغۇچىنىڭ قەلىمىنى
تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پېرسوناژلار.

6

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، ئىنسانىي غېرىبلىق ۋە
تەنھالىق دۇنياۋى تەسىر قوزغاپ مەشھۇر سەنئەت ئەسەرلە-
رىنى روياپقا چىقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى غىدىقلىدى. غې-
رىبلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ دائىرىدە مۇلاھىزە قىلى-
نىپ، بەلگىلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىمۇ مەيدانغا كەلتۈر-
دى. بۇ جەرياندا ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر روياپقا چىقىپ، بۇ
تېما بىلەن بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرمۇ مەيدان-
غا كېلىپ، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرىمۇ تۇغۇلدى. لېكىن ئۆ-
زىنىڭ غېرىبلىقىنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇش، بۇ بايلىقتىن
پايدىلىنىپ ئۆز روھىي قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزىنىڭ غې-
رىبلىقىنى مەدەنىيەت مۇلاھىزىسىگە تاشلاش، سەنئەت بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈپ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەل-
تۈرۈپ، مەدەنىيىتىنى ئىلغارلىققا بۇراش ھەممە قوۋمغا نېسىپ
بولمىدى. ماكېدونىيە كەنتى بىلەن «سەھرا بازىرى» يەنىلا
ئوخشىمىغان پېرسوناژ، ھېكايىلىرى، ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە
مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن بىر پاراللېل سىزىقتا قەتئىي ئۇچرى-
شالمىدى. ئۆز يۇرتىنىڭ غېرىبلىقى ھەققىدە دۇنياۋى داۋراڭ
سالغان گارسىيە ماركوز ئېرىشكەن شان - شەرەپ ۋە نوپۇز-
غا، ماڭا تولۇقسىزدىكى ئەدەبىيات دەرسىدە يۇرتىمىزنىڭ غې-
رىبلىقى ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇ-
چىمىز ئېرىشەلمىدى. باشقىلارنىڭ غېرىبلىقى ئۇلارنىڭ ھېكايە
ئەپسانىلىرىنى قىرتاق مەزمۇنلارغا، مەۋقەسىز ئەپسانىلەرگە

تولدۇرۇۋەتكەن بولسا، بىزنىڭ غېرىبلىقىمىز لىرىكىلىق مۇ-
ھەببەت مىسرالىرى بىلەن بېزەلدى. دىداكتىكا ۋە نەسىھەت
بىلەن رەڭلىنىپ، كىشىلەرنى بۇ خىل زېرىكەرلىك مۇھىتتا،
روھى قالايمىقانلىشىپ ئېزىپ يامان ئىشلارنى قىلىپ سالماس-
لىققا يېتەكلىدى. ماكېدونىيە كەنتىدىكىلەرنىڭ تەنھالىقى
ئۇلارنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش-
ھەرىكەتلىرىدىكى جىپسىلاشمايدىغان چۈشىنىشسىزلىكلەرنى
پەيدا قىلغان بولسا، بىزدىكى غېرىبلىق بىر خىل بىلمەسلىك،
قىزىقماسلىق ئىچىدىكى روھىي مۇكەممەللىكنى ھاسىل
قىلدى. نامراتلارنى، ئاجىزلارنى كۆپەيتكەن بىلەن، شۇنىڭغا
ماس ھالدا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغانلارنىمۇ ئاۋۇتتى. سەھرا
بازىرىنىڭ بۇرۇنقى غېرىبلىقى ئەقىدە- ئېتىقاد بىلەن زىچ باغ-
لىنىپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەردە بىر خىل روھىي مۇكەممەللىك-
نى، ئەقىدە جەھەتتىكى مۇرەسسەسىزلىكنى، بىلمەسلىك لەز-
زىتىنى ۋە قەتئىيلىكنى ھاسىل قىلدى. تارىخ قانچىلىك ئۆزگە-
رىشچان، تەبىئەت قانچىلىك رەھىمسىز بولۇپ كېتىشىدىن
قەتئىينەزەر، ھامان ئۇ كىشىلەرگە ئۇزاق ۋاقىت ھەمراھ
بولدى. جاپاكەش مۇزدۇزلارنىڭ، ساۋاتسىز ھارۋىكەشلەر-
نىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى، ياشاش ئىستىكىنى نۇر
بىلەن سۇغىرىپ تۇردى. ئۇلار ماكېدونىيە كەنتى پۇقرالىرى-
دەك تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۇنداق كۈچلۈك دەرىجىدە مەنتىقى-
سىزلىشىپ، مەۋقەسىزلىشىپ كېتىشنى كوللىكتىپ باشتىن كە-
چۈرمىدى. ئاندا- ساندا ئۇچرايدىغان ھايات كارتىنىلىرىدى-
كى شەكىل ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى غىدىقلىغان بول-
سىمۇ، كىشىلەر ئىبادەتلىرىدە بۇ خىل غەيرىلىكلەرگە
نۇسرەت ۋە ھىدايەت تىلەش بىلەن بىر خىل ئىنسانىي مۇكەم-
مەللىكنى نامايان قىلدى. كۆپ سانلىق كىشىلەر نامرات، جا-
پالىق ۋە ساغلام ياشىدى. نادانلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇ-
سۇلىغا چېقىلغىنى بىلەن، لېكىن روھىنى ئىستېلا قىلالمىدى،
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەن بىلەن، قەل-
بىنى سېستالمىدى. ھازىر بۇ خىل قەلب جەھەتتىكى سېسماس-
لىق، روھىي مۇكەممەللىك شەھەرلىشىش مۇھىتىدىكى، غېرىب-
لىقنى تەرەققىيات قىلىچىدا بۇزۇۋاتقان كىشىلەرگە مۇلاھىزە
تېمىسى بولماقتا. «سەھرا بازىرى» ھېكايىلىرىنى يازغۇچىنىڭ
قەلىمىدە مانا مۇشۇنداق ئاددىيلىق ئىچىدىكى سېسىمىغان،
غېرىبلىق ئىچىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن روھلار چاقناۋاتىدۇ،
شۇنداق نامرات ۋە جاپالىق تۇرمۇش ئىچىدىمۇ يەنىلا كۆپ
سانلىق ئادەملەرنىڭ بىر خىل مۇكەممەل قىممەت قاراش ئى-
چىدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، مېھنەتسىز، يەنىلا
مېھرىبانلىقنى، مەسئۇلىيەتنى ئىزدەيدىغان روھ بىلەن ياشايدى-
غانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئىشارە بولۇۋاتىدۇ. گەرچە تـوۋا
قىلىش، نۇسرەت تىلەش، دۇئا قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتا
ھازىر كىشىلەر بىرئاز تۈيغۇن ۋە سەگەك بولۇپ قېلىۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنىڭ روھىي مۇكەممەللىكىدىكى
ئاچقۇچلۇق ئامىللارنى تىلغا ئالماسلىق ۋە ئاتالاپ ئۆتۈپ
كېتىش بىر مىللەتنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئىلمىيلىك-
تىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بۈگۈنكى سەھرا بازىرىنىڭ غېرىبلىقىدا بىر خىل روھىي
مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى ئىزنالىرى بار، كىشىلەرنىڭ پەلسە-
پە ۋە كۆز قاراشقا بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ، روھىي ساغ-
لاملىققا بولغان ئېھتىرقىشى ۋە تەلپۈنۈشى مائارىپ، مەدەنى-
يەت ۋە ئەدەبىيات- سەنئەتكە بەلگىلىك بېسىم ئېلىپ كېلىۋات-
قان ھاياتلىق مۇھىتىدا، روھىي مۇكەممەللىك كىشىلەرنى يېڭى
مەدەنىيەت مۇلاھىزىلىرىگە باشلاۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ قورۇقلى-
رى بىلەن كارى يوق، ئەينەككە قارىماي جان- جەھلى بىلەن
ياشايدىغان ئاياللار توپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەزالىرىنىڭ تۈي-
غۇلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. مەدەنىيەتلىك شە-
ھەرلەردىكى سەپ- سەپ پسىخولوگلار، روھىي ئانالىزچىلار
بەلكىم بىر كۈنلەردە بۇنداق بازارلاردىكى ھاياتىي قىزغىنلىق-
نى ئۆزلىرىنىڭ نۇتۇق تېمىسىمۇ قىلىپ قالار. لېكىن بىزمۇ
مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز، ئاشۇ «نادانلىق»
ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بەزى ھاياتىي ئەگكۈشتەرلەرنى ھە-
قىقىي قىممەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىي قۇۋۋىتىنى، ئىستەكلىرىنى يوقاتما-
غان ئامىللارنى قېزىپ چىقىشىمىز، بۇنى سەنئەت دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

«سەھرا بازىرى» ھەققىدىكى ھېكايىلەر كۆپ، مۇلاھى-
زىلەر كۆپ. ئۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك يازغۇچىدىن تېخىمۇ زور
قۇۋۋەت ۋە كۆز، ئوقۇرمەنلەردىن قىزىقىش، ئۈزلۈكسىز
ئۈيلىنىش تەلەپ قىلىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بۈگۈنكى ۋە ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى.



ئالىمجان ئابدۇخالىق، ئەلى ئابلا

# شېئىر – ئىدراك پىكىر، تەرجىمە – قىرغاقتا تۇتاشقان كۆۋرۈك

## — شائىر، تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى بىلەن سۆھبەت

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات زېمىنىدا خەلقىم دەپ پۈتكۈل ئۆمرىنى تىنىمسىز ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە، تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، خەمىت تۆمۈر، ئىبراھىم موتىئىي، ئابدۇشۈكۈر تۇردى... قاتارلىق ئالىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم سەمەرىلىرى ئارقىلىق ئەسلىگۈدەك قىممەت يارىتىپ بىزگە ياشاشنىڭ ئۈلگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. تارىخىمىزنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن بوران-چاپقۇنلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاشۇ زامانلارنىڭ ھايات شاھىتلىرىدىن مىرسۇلتان ئوسمانوف، توختى باقى ئارتىشى ۋە ئىمىن ئەھمىدى... قاتارلىق كىشىلىرىمىز ھايات سەپىرىدە بىز بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىجاد ۋە ئىجتىھاتنىڭ قايناملىرىدا ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە. ئۈلگىنىڭ رولى چوڭ، ئەلۋەتتە. بىز تەدبىر ۋە تەجرىبىگە موھتاج بولۇۋاتقان ئەۋلادلارمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز يۇقىرىقى مۆھتەرەم ئۇستازلىرىمىز بىلەن دىدارلىشىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىلمىي سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئەڭ ئاۋۋال شائىر، تەرجىمان پىروفېسسور ئىمىن ئەھمىدى ئاكىنى ئىزدىدۇق. بۇنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خېلى مەنپەئەتى بولىدۇ دەپ قارايمىز.

**يۈز مۇ يۈز**

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئىمىنكا؟ سىز ھازىرغىچە نۇرغۇن نادىر شېئىرلارنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغاندىن باشقا يەنە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تەقدىم ئەتتىڭىز. مەيلى سىزنىڭ يازغان شېئىرلىرىڭىز، ئىلمىي ئەسەرلىرىڭىز ۋە ياكى تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىز بولسۇن ھەممىسى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا بىز بۈگۈن سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىڭىز بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ باقساقمىكىن دېگەن مەقسەتتە پىكىرلەشمەكچى بولۇۋاتىمىز. بىز سۆھبىتىمىزنى يەنىلا سىزنىڭ بالىلىق ھاياتىڭىزدىن، ئائىلە تەربىيەلىنىش ئەھۋالىڭىزدىن ۋە ئىجادىيەت ساھەسىگە قانداق كىرگەنلىكىڭىزدىن باشلىساقمىكىن؟

**ئىمىن ئەھمىدى:** مەن 1942-يىلى 4-ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياندۇرما يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزامدا تاملى-

غاندىن كېيىن، 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك
1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە شۇچاغدىكى ۋىلايەتلىك تولۇق
ئوتتۇرا (ھازىرقى شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا)دا ئوقۇدۇم.
1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە سابىق مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل تەييارلىق سىنىپىدا، 1962 ـ يىل-
دىن 1967 ـ يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم. 1968 ـ يىلدىن
1983 ـ يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى-
دە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومدا ئىش-
لىدىم. 1986 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، بىرلەش-
مىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى بولدۇم. 1997 ـ
يىلدىن تارتىپ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەر-
نى ئىشلىدىم. ئەسلىدە مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇ-
يۇم ناھايىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر
تۈپەيلى، ياشلىق، يىگىتلىك مەزگىللىرىمدە بۇ ئارزۇيۇمنى
ئەمەلگە ئاشۇرالماي، 60 يىللىق خىزمەت ھاياتىمنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى يەتتە يىلىدا ئەمەلگە ئاشۇردۇم. مانا مۇشۇ يەتتە
يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم كۆپ
بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرىغا دەيدىغىنىم، ئالىي مەكتەپ پەقەت ۋە پەقەت بىر
پۇرسەت، بىر شارائىت، ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە بىر نەر-
سىمۇ ئەمەس. بۇ جاي ئىستۇدېنتلارنى بىر تۈركۈم يارام-
لىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بىلەن تەييار تاماق، ياتاقتىن
سىرت يەنە ئازادە مۇھىتقا ئىگە بولغان كۇتۇپخانا، زامانى-
ۋى سىنىپلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇش دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك
مول بىلىمنى مۇئەللىمدىن ئېلىش دېگەنلىك ئەمەس.
پەقەت قانداق ئوقۇشنى، قانداق ئۆگىنىشنىڭ يولىنى ئۆگى-
نىۋېلىش دېگەنلىكتۇر. ئوقۇتقۇچى يېتەكچى، يول كۆرسەت-
كۈچى خالاس. شۇڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ قوللۇقلاردىكى
دەرسلىك ماتېرىيالنى چايناپ سۆزلىگىنىگە قاراپ ئولتۇر-
ساڭلار ئالىي مەكتەپتە ھېچنېمىنى ئۆگىنەلمەيسىلەر. ئەگەر
ئوقۇتقۇچى قوللۇقلاردىكى دەرسلىك ماتېرىيالنى قويۇپ
تۇرۇپ شۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان، كىتابتىن سىرتقى ئەڭ
يېڭى سەۋىيەدىكى ئۇچۇر بىلەن سىلەرنى تەمىن ئېتەلىسە
ئاندىن بۇ ئوقۇتقۇچى سىلەرگە بىلىم بەرگەن بولىدۇ.
ئەگەر شۇ كىتابتىكى نەرسىنى يەنە بىر قېتىم سىلەرگە يادقا
دەپ بەرگەن بولسا بۇنداق نەرسىنىڭ مەززىسى بولمايدۇ.
چۈنكى ئۇ ماتېرىياللار قوللۇقلاردا بار. شۇڭا ئالىي
مەكتەپ مېنىڭ قارىشىمدا ناھايىتىمۇ ياخشى بىر شارائىت.
يول تېپىشنىڭ ياخشى بىر ئىمكانىيىتى ھازىرلانغان جاي.
لېكىن ئۇ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەپ بەرگىنىگىلا
قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر نەرسە ئىگىلىگىلى بولىدىغان جاي
ئەمەس، مۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى
ھۆرمەت قىلماسلىق دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلە ئۆزىمىزدە.
شۇ پۇرسەتتىن، شۇ ئىمكانىيەتتىن قانداق پايدىلىنىشتا.
چۈنكى ھازىرقى شارائىتتا سىلەرنىڭ بىر قانچە تىل ئىگىلە-
ۋېلىش ئىمكانىيىتىڭلار بار. كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئىم-
كانىيىتىڭلا بار. ماتېرىياللار ھەددى ـ ھېسابسىز. بىز ئوقۇ-
ۋاتقان مەزگىلدىكىگە قەتئىي سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.
شۇڭا بۇنىڭ ئۆزىنىمۇ بىر پۇرسەت دەپ قارايمىز.
خۇددى بىر ئۇۋىدىن چىققان قۇش باللىرى ئوخشاش
بولمىغاندەك، بىر سىنىپتىن چىققان باللارنىڭ ئەھۋالىمۇ
خىلمۇخىل بولىدۇ. 1959 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق
ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئابدۇكېرىم راخمان، تۇرسۇن قۇربان،
ھىمت مەخسۇت، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن
مەرھۇم ئابلىمىت ئىسمائىل، مەمۇرىي خىزمەت قىلغانلار-
دىن ئابدۇرېھىم ھامىت، مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولغان
سادىر قادىر، رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
ئەخەت تۇردى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر سىنىپنىڭ بال-
لىرى ئىدى. دېمەك، شۇ ۋاقىتتىكى شۇنداق ناچار شارائىت-
تىمۇ مانا مۇشۇنداق باللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان، مە-
سىلە ئادەمنىڭ ئۆزىدە. شۇڭا مەكتەپتە ھەر قېتىملىق
ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى بولغان ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار
بار يەردە، ئوقۇغۇچىلارغا «ئۈرۈمچى مەدەنىيەتنىڭ مەر-
كىزى، سودا ـ ئىقتىسادنىڭ مەركىزى، ئويۇن ـ تاماشانىڭ
مەركىزى، ئەگەر دىققەت قىلمىساڭلار، ئويۇن ـ تاماشا
بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا بوياقچىنىڭ كۈ-
پىگە چۈشكەندەك بويىلىپ كېتىسىلەر، ھېچنېمىگە ئوخشى-
مايدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىمەن دېسەڭلا بۇنىمۇ بىر
كۈنىنىڭ ئىچىدىلا بېجىرگىلى بولىدۇ. ئادەمگە ئوخشايدى-

غان بىر نەرسە بولۇپ چىقىمەن دېسەڭلا بىر كۈننىڭ ئىچىدە مۇشۇ مەۋقەنىمۇ تىكلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ قايسىسىنى تاللىۋېلىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، چۈنكى پۇلنى ئۆزۈڭلا ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئاناڭلار خەجلەيدۇ» دېدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەمدە چوقۇم توغرا نىشان، ئېنىق بىر مەۋقە بولۇشى كېرەك. ئىش قىلغاندا چوقۇم نىشاننى كۆزلەپ مەقسەتلىك مېڭىشنى، ياشلىق ھاياتنى قەدىرلەپ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىۋېلىش كېرەك. ئويۇن-تاماشا دېگەن قاچان ئوينىۋالسا بولىدىغان نەرسە. بىز تۇغۇلماستىن ئىلگىرىمۇ ئويۇن-تاماشا بار ئىكەنتۇق، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ بار ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بولىدۇ، بولۇپلا قالماي تۈرلىرى يەنە كۆپىيىۋاتىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم ھازىرغىچە بىرەر كىمنىڭ ئويۇن-تاماشىنى ئويناپ تۈگىتىپتۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇ ئويۇن-تاماشىنى ئويناپ تۈگىتىپ بولماق بەك تەس، ھەتتا قېرىغاندىمۇ بۇ پۇرسەت بار. شۇڭا مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئالتە يىللىق ھاياتىمدا يىخېيۈەن (颐和园) نى ئۈچ قېتىمچە كۆرگەن، بېيخەي (北海) دېگەن باغچىغىمۇ بىر-ئىككى قېتىم بارغان. شۇڭا ھەر ھەپتىسى بازارلارنى ئارىلىۋالسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى كۆرۈۋالسىمۇ شۇ كوچىلار شۇ، شۇ ئادەملەر شۇ، ئاۋۋال ياخشى ئوقۇپ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، پۇت تىرەپ تۇرۇۋېلىپ، ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىۋالغىلى، ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ ئوينىۋالغىلى بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ھەممە ئىشنى قىلىشقا ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھاياتلىق قارىماققا ناھايىتى قىسقىدەك كۆرۈنسىمۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ مىنۇت، سېكۇنتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا ۋاقىت تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇن. ئەمدى گېپىمىزنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، مەن بىر سەھرا-يېزىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش «دىنىي مەكتەپ»تە ئوقۇغان. دىنىي مەكتەپ دېسە ھازىرقى باللار بۇنى بەك بىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ قەدىمكى مەھەللىۋى مەدرىسنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئېھتىمال مەدرىسكە كىرگەن ۋاقتىمدا تۆت-بەش ياشلاردا بولسام كېرەك. ئەنە شۇ مەھەللىۋى مەدرىس دەسلەپتە ماڭىمۇ ھازىرقى يېڭى مەكتەپتىكىدەك ئاۋۋال خەت تونۇشنى ئۆگەتتى، ئاندىن «ھەپتىيەك»نى ئوقۇيالىغىدەك بولغاندىن كېيىن، «نامەھەق» ناملىق بىر كىتابنى ئوقۇتتى. «ناماھەق» بۇ بىر شېئىر كىتابى، ئەمدى بىلسەم بۇ «ھەقىقەتنامە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن «سەپەلىيا»غا چىقتۇق، كېيىن بىلسەم بۇ «سۇپى ئاللايار» دېگەن كىتاب ئىكەن. بۇمۇ چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ ئوقۇپ تۈگەتتۇق. چاغاتاي يېزىقى ھەققىدە ھازىرقى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەندەك بىرەر كىم بىزگە مۇنتىزىم دەرس قىلىپ ئۆتمىگەنىدى. بىز پەقەت مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قوشۇپ ئوقۇۋەردۇق. ئاندىن نەۋايىغا چىقتۇق دېدى. شۇ چاغدا ئوقۇغان نەۋايىنىڭ كىچىك ھالەتتىكى تاللانما شېئىرلار كىتابى ھېلىمۇ مەندە بار. نەۋايىنى ئوقۇدۇق. «يارى ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا» دەپ تىنماي شارىلداپ سۇدەك ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتۇق، دادىلىرىمىز، چوڭ دادىلىرىمىز ئوقۇغىنىمىزنى كۆرۈپ بۇ بەك ياخشى ئوقۇپتۇ دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، مەنىسىنى بىلمەيمىز، لېكىن، قاتتىق يادقا ئالىمىز. بۇنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەمدى غوجا ھاپىزغا كەلدۇق دېدى، «غوجا ھاپىز» پۈتۈنلەي پارسچە بولسىمۇ غوجا ھاپىزنىڭ شېئىرلىرىنى سۇدەك يادقا ئالدۇق. بىزنىڭ ئۇ خەلپىتىم ئەرەبچە، پارسچىنى ناھايىتىمۇ ياخشى بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ بىزگە ئاشۇ پارسچىنىڭ ئۆزىنى يادقا ئالدۇرۇۋېتەتتى، لېكىن مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىز ئۇقمايتتۇق. تېخى يېقىنغىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز ئۇ چاغلاردا بىزدە مائارىپ يوق، مائارىپ 1880-يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن دېدى. بۇ ئەلۋەتتە يېڭى مەكتەپ، يېڭىچە مەكتەپ. لېكىن قەدىمىي چاغلاردا مەن دېگەن ھېلىقىدەك مەكتەپلەر بار ئىدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا مەن دېگەندەك مەكتەپلەر بارلىققا كەلمىگەن بولسا ئۇنداقتا مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار قەيەردە ئوقۇغان؟ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىلار قەيەردە ئوقۇغان؟ كېيىنكىلەر قەيەردە ئوقۇغان؟ دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىم دىنىي مەكتەپ ئەمەس، شۇ دەۋردىكى مەھەللىۋى مەدرىس. ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئىپتىدائىي بىلىم ئورنى.

كېيىن قارىساق بىز ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپتۇق. ئەدەـ
بىيات دېگەن شۇ ئىكەن. بىزدە ئۇ چاغدا ئەدەبىيات
دېگەن ئاڭ يوق. بەزىلەر تەرجىمىھالىنى يازغاندا، مەن
مۇنداق چاغدا ئوقۇغاندا نەۋايىنى بىلەتتىم دەپ ئۆزىنى
پەردازلاپ كۆرسىتىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرنى دادام مۇنداق
تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى، مومام مۇنداق
چۆچەك ئوقۇپ بىرەتتى دەيدۇ. بۇنداق دېسەك، موملىـ
رىمىز گوركىينىڭ مومىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنداق ئىش
يوق. ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ياكى شائىرلىققا قىزىقىدىغان،
شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغان ياكى ھېكايە، پوۋېست يازماقـ
چى بولغان ئادەمگە، ئەدەبىياتنى ھەقىقىي ئۆزىنىڭ كەسپى
قىلماقچى بولغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەدەبىيات ــ ھايات
ئادەم دېمەكتۇر. ئەدەبىيات قانداقتۇر تەبىئەت ھادىسىلىـ
رىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئەمەس، ئادەمنى تەتقىق قىلىـ
دىغان، ھاياتلىقنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۆزىدە ھېسسىـ
ياتلىق ۋە ھېسداشلىق كەيپىياتنى تۇرغۇزالايدىغان ئادەم،
تىراگېدىيەلىك ئېڭى ۋە گۈزەللىك ئېڭى بولغان ئادەم،
دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل، نېمانچە يۇمۇرىستىك ياكى نېمىـ
دېگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن تولغان دېگەن ھېسـ
تۇيغۇغا كېلەلىگەن ئادەم ئىجتىمائىي پەنگە كىرەلەيدۇ.
ئەگەر بىز تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى پەرق ئېتەلمىسەك، ئىنـ
ساننىڭ ناھايىتى سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىـ
سەك، ئۇنىڭ نېمىگە خۇشال بولۇپ، نېمىگە قايغۇرىدىغانـ
لىقىنى بىلەلمىسەك ئەدەبىياتقا كىرگەننىڭ پايدىسى يوق.
ئۇنىڭدىن، بىيولوگىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا... قاتارلىق تەبىـ
ئىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللانغان ياخشى. ئەگەر نېمىدېگەن
چىرايلىق ھايات، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھايات، نېمىدېـ
گەن يىغىسى تولا ھايات دېگەننى چۈشەنگىمىز كەلسە
ئاندىن ئىجتىمائىي پەنگە كىرىپ باقساق، ئەدەبىياتقا
كىرىپ باقساق بولىدۇ. دادام چوڭ يازغۇچى ئىدى ياكى
مومام قوشاقچى ئايال بولۇپ، ماڭا دائىم چۆچەك، شېئىرـ
لارنى ئوقۇپ بەرگەچكە كىچىكىمدىن تارتىپ شائىرلىق
ئوتى تۇتاشقان دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ جۈملىلەرگە ئىـ
شەنگۈم كەلمەيدۇ. بۇنداق دېسەك يالغانچىلىق بولۇپ قاـ
لىدۇ دەپ ئويلايمەن، پەقەت تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدىـ
غان، ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدىغان، تەبىئەت دۇنياسىنى
ياخشى كۆرىدىغان، ئېچىنىدىغان، يىغلىيالايدىغان، ھېسـ
داشلىق قىلالايدىغان، ۋاپادارلىقنى، ۋاپاسىزلىقنى بىلەلەيدىـ
غان ئادەملەرلا ئىجتىمائىي پەنلەرنى سۆيەلەيدۇ ھەم ئۇـ
نىڭغا يۈز كېلەلەيدۇ. ۋاپادارلىق شەرتلىك مەسىلە ئەمەس،
ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى بىلەلەيدىـ
غان، تارىخنى چۈشىنەلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىۋاتقانـ
لىرىنى ھېس قىلالايدىغان ئادەمدىن ئىجتىمائىي پەنلەر خاـ
دىمى جىق چىقىدۇ. شۇڭا شېكسپىر «مۇزىكا ھېسسىياتى
يوق ئادەملەر كۆڭلى قارا كېلىدۇ، قاتىل بولىدۇ»؟ «مۇـ
زىكىلىق ھېسسىياتى، مۇزىكا تۇيغۇسى يوق ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى قاراقچى بولىدۇ، قاتىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ
كۆڭلى دوزاختا ئوخشاش قاراڭغۇ بولىدۇ» دېگەن ئىكەن.
بۇ قانداق دېگەن گەپ؟ بىر مۇزىكىنى ئون ئادەم ئون
خىل چۈشىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلىمىز؟ مۇـ
زىكا دېگەن ئاۋاز ئەمەس بەلكى تۇيغۇ. باللاردىن مۇزىـ
كا دېگەن نېمە دەپ سورىسام «ئاۋاز» دەپ جاۋاب
بەردى. بۇ ئاۋاز ئەمەس، ئاۋاز دېگەن فىزىكىلىق ھادىـ
سە. تۇيغۇ دېگەن فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە، پسىخولوگىيەـ
لىك ھادىسە. ئەدەبىياتقا كىرىمەن دېگەن ئادەم، ئەدەبىـ
ياتنى بولىدىغان پەنكەن، تىرىشىپ باقاي دېگەن ئادەمگە
نىسبەتەن ئالدىنقى شەرت ــ ئۇلار چوقۇم ھاياتلىقنى سۆـ
يىدىغان بولۇشى، مىللىيلىكنى سۆيىدىغان بولۇشى لازىم.
1986 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلەر ئۆـ
مىكى ئاقسۇدىن ئۆتكەندە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋاـ
كالىتەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدىم. شۇ چاغدا
يۈننەنلىك (云南) شائىر بەيشۆ (白雪) قىزىل مىڭئۆيگە
كېتىۋاتقان يولدا، قىزىلنىڭ داۋىنىدىكى قاقاسلىقنى، ئاندا ـ
ساندا ئۆسكەن يانتاق ـ قامغاقلارنى كۆرۈپ، ئاجايىپ بىر
جايكەن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قاپتۇ. كېيىن مەندىن، سىز
بۇ جايلارغا قانداق قارايسىز؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.
ماڭا نىسبەتەن بۇ يەرلەر تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ چىرايـ
لىق، گۈزەل تۇيۇلىدۇ دەپ جاۋاب بەردىم. نېمە ئۈچۈن
شۇنداق قارايسىز؟ ــ دېدى.

ــ چۈنكى، مۇشۇ يانتاقلار ۋە قامغاقلار ھېچكىم سۇ
قۇيمىسىمۇ، پەرۋىش قىلمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ، باغـ
رىنى ئانا يەرگە چىڭ بېسىپ، چېچەكلەپ، ئۆزىدىن ـ
ئۆزى خۇشال بولۇپ، قۇرۇپ كەتسىمۇ، شاماللاردا يۇمـ
لاڭلاپ بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ كەتسىمۇ خاپا بولماي ئىكـ

كىنچى يىلى يەنە قايتىدىن كۆكلەپ چىقىدۇ، شۇڭا مەن
ئۈچۈن بۇ جايلار يەنىلا تولىمۇ گۈزەل تۇيۇلىدۇ.— دەپ
جاۋاب بەرسەم، ھەقىقەتەن مەن ئويلىغاندىنمۇ ئوبدان
جاۋاب بەردىڭىز، ھەقىقىي شائىر ئىكەنسىز دېگەنىدى. مۇ-
شۇنداقلا گەپ، كۆزەتسە بۇ ھايات ناھايىتىمۇ چىرايلىق.
ئەگەر بىز بىر گۈلباغقا كىرسەك نۇرغۇن رەڭدار گۈللەرنى
كۆرىمىز. ئوخشاش ئېچىلغان ئەتىرگۈلگە نىسبەتەن، بە-
رەيلەن كېلىپ بۇ گۈل بەك چىرايلىقكەن دېسە، يەنە بىرى
ئۇنداق دېيىشى ناتايىن. شۇ گۈللەر قانداق چىرايلىق؟
گۈزەللىك دېگەن نېمە؟ بىزدە: «چىرايلىق چىرايلىق
ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق» دېگەن گەپ بار. بۇ بىر
خىل ئىدېئالىزملىق، سۇبيېكتىپلىق قاراش. خەنزۇچىدىمۇ
شۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان سۆز بار. «مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ
كۆزىگە ھەممە نەرسە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ» دەيدۇ، ئە-
رەبلەرمۇ: «لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەج-
نۇننىڭ كۆزى بىلەن قارا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە لەيلى بەك
سەت ئىكەنمىش. پەلسەپىدە بۇنى ئىدېئالىزملىق قاراش
دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئېستېتىكىدا گۈزەللىك ئوبيېكتىپ
مەۋجۇت نەرسە دەپ قارايدۇ. گەپ شۇ گۈزەللىكنى ئىن-
ساننىڭ بايقاش- بايقىيالماسلىقىدا. ئۇ ئىنساننىڭ ئەركىن ئى-
رادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەڭ ئەقەللىيسى يانتاقمۇ
چىرايلىق، يولۋاسنى يىرتقۇچ دەيمىز، يولۋاسمۇ چىرايلىق.
لېكىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قارىشىدا يولۋاس ناھايىتى
ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق، ئەلۋەتتە مەنمۇ ناھايىتى قورقى-
مەن. لېكىن چىرايلىق دېگەندە، ئىنساننىڭ ئەركىن ئىرادى-
سىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بەرگەن باھاسىدۇر. شۇڭا ئە-
دەبىياتنى نوقۇللا مۇنداق رومانلار بار ئىكەن، ئۇنداق
ھېكايىلەر بار ئىكەن، ئوقۇپلا قويساق بولىدىكەن دەپ
قارىساق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنساننى تەتقىق قىلىدىغان
پەن ئىكەن، ئىنساننى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەدەبىياتنىڭ
ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىنى
تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئەدەبىياتقا كىرىش لازىم.
باشقا پەنلەرنىڭ ئالىملىرىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىلمى-
نىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماھىيە-
تىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىش-
قا باشلايدۇ. ئۇلار ھەقىقىي بىر مەۋقەنى تۇتۇپ تۇرۇپ
ئاندىن تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلۇغبەگمۇ دۆلەتنىڭ غې-
منى تولا يەپ ئاسمانغا تولا قاراپ ئولتۇرۇپ، يۇلتۇزلار-
نىڭ ئۆزگىرىشچان ھالىتىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئاندىن
بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن رە-
سەتخانىسىدا ئاسمان ھادىسىلىرى ھەققىدە تۈرلۈك تەتقى-
قاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات بىلەن-
مۇ ئەجەب بىر ئىنسانلار بولىدىكەن، نېمىدېگەن گۈزەل،
نېمىدېگەن ئازاب- ئوقۇبەتلەر بىلەن تولغان دۇنيا بۇ
دېگەن تۇيغۇغا كېلەلىگەن چاغدا ئاندىن شۇغۇللىنىپ
بېقىش كېرەك. ھەرگىزمۇ ماۋۇ ھېكايە بەك قىزىق ئىكەن،
ئاۋۇ شېئىر ئادەمنى بەك ھاياجانلاندۇرىدىكەن، دەپ كى-
رىدىغان نەرسە ئەمەس، تېگى- تەكتىنى بىلىپ كىرىش
لازىم. كىلاسسىك ئەدەبىياتقا كىرگەندىمۇ، كىلاسسىك ئە-
دەبىيات دېگەن نېمە، كىلاسسىك ئەسەر دېگەنچۇ؟ دەپ
ئويلىنىش كېرەك. قەدىمكى ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى
«كىلاسسىك» ئەدەبىيات بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىلەر خەنزۇ
تىلىدىكى «گۇدىيەن ۋېنشۆ» (古典文学)دېگەننى
«كىلاسسىك ئەدەبىيات» دەپ ئېلىۋاتىدۇ. بۇنداق دېيىش
خاتا، «كىلاسسىك ئەدەبىيات» دېگەن «جىڭ دىيەن
ۋېنشۆ» [经典文学] بولىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىيات
بىلەن قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان-
زېمىن پەرق بار. قەدىمىلا بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
كىلاسسىك بولالمايدۇ. بۇ خۇددى پارقىرىغان نەرسىلەر-
نىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولالمىغىنىغا ئوخشاش. بىزدە
كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ ناھايىتى ئاجىز ھالقا
بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلىرىمىز بېر-
لىندا، پارىژدا، لوندوندا، لېنىنگراد... كۇتۇپخانىلىرىدا
ساقلىنىۋاتىدۇ، بەلكىم كېيىنچە سىلەرگە ئوخشاش ئىنز
باسار تەتقىقاتچى ياشلىرىمىز ھەر خىل ئاماللار بىلەن ھېچ-
بولمىغاندا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كېلىشىڭلار،
بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشۇڭلار
مۇمكىن. مەنمۇ ھازىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
بىزدە ھازىر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن
تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەر يوق بولۇۋاتىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبى-
يات تەتقىقاتى بىزدىن خېلى مول ئەتراپلىق ئىجتىمائىي بى-
لىملەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات-
چىسىغا نىسبەتەن، ئەگەر ئۇ كىلاسسىك يازغۇچىلار ۋە

كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدە توختالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، چاغاتاي تىلىنى، بولسا ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلگەندىن باشقا شۇ يازغۇچى ياكى شۇ ئەسەر بارلىققا كەلگەن تارىخىي دەۋرنى، شۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىنى، ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىنى، ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ھەممە جەھەتتىن ئەتراپلىق بىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئۇ ئوقۇغان مەكتەپلەردىن تارتىپ كۆرگەن كىتابلار، ئالاقە باغلىغان كىشىلەرگىچە بىلىشى كېرەك. شۇ چاغدا ئاندىن ئوبدان تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. ماتېرىيالغا تايىنىۋېلىپلا بىر نېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس. ئەمدى ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ساھەدىمۇ تېخى ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 200 نەچچە پارچە رومان بارلىققا كەلدى. ئارىلىقتا بىز تەۋسىيە بويىچە مۇشۇ 250 پارچىگە يېقىن رومانلاردىن 50 پارچە رومانىنى تاللاپ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە سالماقچى بولدۇق، لېكىن 50 پارچە رومانىنى تاللاپ چىقالمىدۇق. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق ناھايىتى يۈكسەلدى، ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇنلىغان نادىر رومانلار بارلىققا كەلدى دەيمىز-يۇ، مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرىپ شۇ يەردىن ئورۇن ئالالايدىغان روماندىن 50 پارچە چىقمىدى. نەق مەيداندا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان، ئابدۇبەسىر شۈكۈر، ئابدۇقادىر جالالىددىن... قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرمۇ بار ئىدى، ھەممىمىز گەپ-سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق.

**1. شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا**

**ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي نۇرغۇنلىغان ياخشى شېئىرلارنى يازدىڭىز، شېئىرىيەتكە قانداق قىزىقىپ قالغانلىقىڭىز ھەققىدە ئازراق توختىلىپ بەرگەن بولسىڭىز؟ سىزگە كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە ياكى باشقا مىللەتلەر شائىرلىرىدىن كىملەرنىڭ تەسىرى بەكرەك بولغان دەپ قارايسىز؟**

بۇ سوئالنى مەندىن ئىلگىرىمۇ بىرەيلەن سورىغان. سىزنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىڭىزگە بىرەر شەخس تەسىر كۆرسەتكەنمۇ؟ دېگەنتى، مەن ئۇنىڭغا: ئەگەر بىر شائىرنىڭ شائىر بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر ئادەم تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى كېرەكمۇ؟ — دېدىم. ئۇنداق بولسا قانداق بولۇپ شېئىر يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز؟ — دېدى. — ئېھتىمال مەندە بىر خىل تىراگېدىيەلىك ئاڭ بار، مەن ئازابلىنىشنى بىلمەن. بەزى ئىشلارغا ئېچىنىمەن. ئاتا-ئانامنىڭ ۋە شۇنىڭدەك يېزىمىزدىكى جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا ئېتىز-ئېرىقلاردا ئىشلىگەن ھالەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئىچ ئاغرىتتىم، ئۇلارغا ئېچىندىم، مەن بارمىغان جاڭگال، ئېرىق-ئۆستەڭ، خامان، تۈگمەن... قاتارلىق يەرلەر قالمىدى. ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك، روھىي ھالەتلىرىنى كۆردۈم. بۇنى دەل شېئىرىمدا ئىپادىلىدىم. چۈنكى ھېكايە، پوۋېستلار مەلۇم ۋەقەلىكنى ئاساس قىلسا، شېئىر ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدىكەن. ئۆزۈمنىڭ تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئەنە شۇ شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. شۇنداق قىلىپ مەندە شېئىرغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاندى، شۇنىڭ بىلەن شېئىر يازىدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. ھازىرمۇ شۇ پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن. بەزىلەر مەن كىچىك چاغلىرىمدا سوپى ئاللا يارنىڭ، نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن شېئىر يازىدىغان بولۇپ قالدىم، دەيدۇ. بۇ گەپ مېنىڭ ئىدىيەمدىن قەتئىي ئۆتمەيدۇ، بۇنداق دەپ ئۆزىمىزنى چوڭ چاغلىۋەتسەك بولمايدۇ. بەزىلەر دادام داموللا بولغاچقا، دادام يازغۇچى بولغاچقا ياكى دادام شائىر بولغاچقا شۇنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەيدۇ. مەن مۇنداق سۈرۈشتۈرۈپ قارىسام رەسساملىڭ بالىلىرى رەسسام بوپتۇ، مۇزىكانتلارنىڭ بالىلىرى مۇزىكانت بوپتۇ. چۈنكى ئۇلاردا شۇ خىل مۇھىت بار ئىكەن، ياغاچچىلارنىڭ بالىلىرى ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپتۇ، لېكىن شائىرنىڭ بالىلىرىنىڭ شائىر بولغانلىقىنى كۆرمەپتىمەن، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقماپتىمەن. چۈنكى بۇ قول بىلەن تۇتۇپ قىلىدىغان ھۈنەر ئەمەس. بۇ پەقەت تۇيغۇنىڭ يېتىلىشى، ئادەمدىكى بىر خىل ئىنتىلىش، ھاياتلىققا بولغان بىر خىل مۇھەببەت، بىر خىل سۆيۈنۈش، ئېچىنىش... قاتارلىق روھىي ھالەتلەر، غەيرىي ئىدراكىي نەرسە بولۇشى لازىم، پۈتۈنلەي ئەقلىگە تايىنىپ يازغان نەرسە ۋەز-نەسىھەت

بولىدۇ. بىزدە شېئىر يېزىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىزنى «شېئىرىي مىللەت» دەپ ئاتايدۇ. 18
ياشقا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شېئىر يازسا بولىدۇ. ئۆزد-
ىنىڭ دوستلۇقىنى، مۇھەببىتىنى، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى
شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەپ باقسا بولىدۇ، ئۇ ياشتىكى شې-
ئىرلار ناھايىتى سۆيۈملۈك بولىدۇ، بەدىئىي كامالەتكە يەت-
كەنسېرى ئۇ شېئىر بۇزۇلىدۇ. شۇڭا فىرانسىيەلىك ھەيكەل-
تىراش رودىن 25 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن يەنە شائىر بو-
لىمەن دەپ قارايدىغانلار ئۆزىنى چاغلاپ ئوبدانراق ئويل-
لىنىپ بېقىشى كېرەك، دېگەن. مەن ھازىرمۇ يېزىۋاتىمەن،
رودىننىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ھەر دائىم ئېسىمدىن چىقار-
مايمەن. چۈنكى شېئىر ئەقلىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس بەلكى
ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەقىل ئارىلىشىپ قالغانلا شېئىر
ۋەز-نەسىھەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. قانداقتۇر بىر تەشەببۇس-
نامە، بايانات، شوئاردەك قېلىپلىشىپ قالغان بىر نەرسىگە
ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا شائىر بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ
ياشلىق ھېسسىياتىنى ساقلاپ قالمىقى ناھايىتى تەس،
ئەگەر ساقلاپ قالالىسا بۇ ھەقىقەتەنمۇ شائىر ئۈچۈن زور
بايلىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۆتكەندە بىرەيلەن باشقا
بىرەيلەننى دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭىدىغان، بالىلىق
دەۋرىدە بالىلىق ھاياتنى، ياشلىق دەۋرىدە ياشلىق ھايات-
نى، قېرىلىق دەۋرىدە قېرىلىق ھاياتنى يازىدىغان شائىر
دېگەن گەپنى قىلغانىدى، مەن دەرھال شائىر دېگەن
مۇنداق بولمايدۇ، مەنچە بولغاندا بۇ خاتا باھا بولۇپ
قاپتۇ، بالىلىق ۋاقتىدا قېرىلىقنى يازالايدىغان، قېرىغان
چاغدا يىگىتلىكنىمۇ يازالايدىغان بولسا بۇ ئاندىن ھەقىقىي
شائىر بولىدۇ. ئۆزىنىڭ يېشىغا بېقىپلا ئۆزى قانچىلىك
ئۆمۈر كۆرسە شۇنچىلىك قەدەمدە ئىلگىرىلىگەن شائىردا
ھېسسىيات قالمايدۇ، ماۋۇ باھانى باشقىدىن يېزىڭلا
دېدىم، ئەگەر شائىرلار مۇنداق بولىدىغان بولسا مەن
شائىر ھېسابلانمايمەن. مەسىلەن، مەن 18 ياشلىق ھاياتىم-
نى يازغان، ئىشەنمىسەڭلا يېقىندا يازغان شېئىرىمنى سىلەر-
گە ئوقۇپ بېرەي: شېئىرىمنىڭ ئىسمى «تولۇن ئاي»:

ئەمدى سەن بىلەن كەچتە كۆرۈشمەيمەن،
كۈندۈزدىلا كەلگىن يېنىمغا.
تۈنۈگۈن ئاخشام بوزەك ئەتتىڭ بەك،
ئىچىم ئاغرىپ قالدى جېنىمغا.
ياستۇقىنىڭ يېرىمىنى تۈگەل ئالدىڭ،
مىدىرلاپ ماڭدىڭ تىنىمسىز.
بىلمىدىم قاچانلاردا كېتىپ قالدىڭ،
بۇ كېچىمۇ ئۆتتۈپ كەتتى سېنىڭسىز.
دېرىزەمدىن ھەر كەچ سىرغىپ كىرسەن،
سىغدىلىسەن مېنىڭ يېنىمغا،
باشقىلارنىڭمۇ دېرىزىسى باردۇ،
ئىچىڭ ئاغرىسۇن مېنىڭ جېنىمغا.

شېئىرىمنى باشقىلارغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار شېئىرىم-
نى ئاڭلاپ دەرھال كۈلگەن بولدى-يۇ، بىرئازدىن كېيىن
قاتتىق سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئاخىرىدا
مەندىن، — ئىمىنكا، بۇ تولۇن ئاي كىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن-
مۇ ياخشى شېئىر بوپتۇ، ئىنسان مانا مۇشۇنداق بولىدۇ،
ھەقىقىي ئىنسان دەل مۇشۇنداق بولۇشى كېرەككەن... دې-
گەنلەرمۇ بولدى. يەنە بىر شېئىر مۇنداق: «گۇناھ»

كەچۈر مېنى كەرەملىك خۇدا،
نۇرغۇن گۇناھ سادىر بوپتۇ مېنىڭدىن.
لېكىن كۆڭۈلنى ئۆزۈلۈك بېرىپ قويۇپ ماڭا،
ئۆگەتكەن ئەمەسمۇ كىچىك چېغىمدىن.
بەزى لەۋلەردىن زەھەر ئالدىم،
ئۇلارمۇ شوراپ كەتتى قېنىمدىن،
بەزى لەۋلەردىن شېكەر ئالدىم،
ئايرىلغىلى تاس قالدىم جېنىمدىن.
كەچۈر مېنى كەرەملىك خۇدا،
ئەمدى يانمايمەن قىلغان گېپىمدىن،
ئەپسۇس! مۇشۇ گەپنى دەۋاتقان چاغدا،
نە قىلاي، بىر قىز ئۆتتۈپ قالدى يېنىمدىن.

بۇلار مېنىڭ 67 يېشىمدا يازغان شېئىرلىرىم. دېمەك:
گەپنى يىغىنچاقلىغاندا، مەن شېئىرغا ئەنە شۇنداق
كىرگەن. ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ناھايىتى مۇكەممەل
يېتىلگەن ئىنسانغا كۈتۈلمىگەن بىرەر ۋەقەنىڭ تەسىرى
بولغاندا، ئۇنىڭ كۆكسى-قارنى قان-ياش بىلەن تولغاندا
ۋە ياكى خىيال ئويلىنىش بىلەن تولغاندا ئاندىن ئىنساندا
تەلپۈنۈش بولغان بولىدۇ، ئاندىن ئىلھام تۇغۇلىدۇ. مانا
شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاندىن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىشقا
مەجبۇر بولىدۇ. ئىلھام دېگەن نەرسە بىر يەردىن كەلمەي-
دۇ، بەلكى ئۇ ئىچكى ھېسسىياتنىڭ پارتلاپ چىقىشىدىن

ئىبارەت، بۇ خىل ھېسسىيات پارتلاپ چىققاندا بىز ئۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزگە ئۆزىنى يازغۇزىدۇ. شۇڭا ھېسسىياتنى شېئىرنىڭ جېنى دېيىشىمۇ ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە شېئىر بىرخىل تۇرغۇن ھالەتتە، ئۇ دەرھال قوتقۇزۇۋېلىشقا ئېھتىياجلىق دەيدىغانلارمۇ، شېئىرلاردا بىر خىل چېكىنىش بار دەيدىغانلارمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەۋايى دەۋرىدە گۈللەنگەن بولۇپ كىشىلەر شېئىرىيەتكە شۇنداق مۇھەببەت باغلىغان، شېئىرىيەتكە قىزىققان، ئەمما ھازىرقى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن شېئىرىيەتكە قىزىقمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ دەيدىغان كۆز قاراشلارمۇ بار ئىكەن، سىزچە بولغاندا شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى قانداق؟ سىز قانداق قارايسىز؟

بىزدە ھازىر شېئىر يازىدىغان ئادەملەر كۆپەيدى، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىرلار ئاز. يازىدىغانلار كۆپ، يېزىلغان شېئىرلار كۆپ، ئەمما ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان شېئىرلار ناھايىتى ئاز. بۇنداق بولۇشىدا ئارىستوتېلنىڭ شېئىر ھەققىدە بەرگەن تەبىرىنى مەن ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ، «شائىرلار يۈز بەرمەكچى بولغان، يۈز بېرىش مۇقەررەرلىكى بولغان ھادىسىلەرنى يېزىشى كېرەك. ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان، ئىنسانىيەتكە ئورتاق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، يۈز بېرىش مۇقەررەرلىكى، بولغان نەرسىلەرنى يېزىشى لازىم. تارىخچىلار بىلەن شائىرلارنىڭ پەرقى تارىخچىلار ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى يازىدۇ، شائىرلار يۈز بەرمەكچى بولغان نەرسىلەرنى يازىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. بۇ مەلادىدىن 400 يىل بۇرۇن ئېيتىلغان سۆز. مەن بۇ گەپنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شېئىر بىرسى ئومۇملۇقنى يېزىشى لازىم، ئومۇملۇقنى يېزىش كېرەك دېگەنلىك بازار ئىگىلىكىنى يېزىش كېرەك ياكى يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى يېزىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئىنسانغا ئورتاق بولغان بىر خىل ھېسسىياتنى يېزىش كېرەك، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن، سىناق قىلىنمىغان، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان شەخسىي ھېسسىياتنى بىلجىرلىماسلىق كېرەك دېگەنلىك. ھازىرقى شېئىرلاردىكى چېكىنىش دەل شەخسىي ھېسسىيات ئارىلاشقان نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىدە. ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى «جىغ» قىلالىغۇدەك، دەرھال قەلەمگە ئېلىپ كۆچۈرۈۋالغۇسى كەلگىدەك شېئىرلار يوق دېيەرلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ھېسسىياتىغا، تەقدىرىگە تەسىر قىلالايدىغان شېئىرلارنى يېزىش كېرەك. مەنمۇ يېزىۋاتىمەن، ئەمما مۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلارنى مەنمۇ يازالمىدىم. ئومۇمەن ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرى بىلەن ئاخىرقى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك ئىدى. بۇ توغرۇلۇق مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ: «بىزدە قىيىنچىلىق، قالاق تەرەپ، ئادەمنى قورقۇتىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ، يېزىش كېرەك، لېكىن قانداق يېزىش كېرەك؟» دېدى. مەسىلەن، ھازىر ياشلاردا ھەۋەس بار، لېكىن، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇھەببەتنى تاپقىلى بولمايدۇ ياكى تاپماق بەك تەس بولۇپ كەتتى. مەندىن بۇ توغرۇلۇق باشقىلار: سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار قانداق ئىدى؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا: بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزدە جەريانغا كۆڭۈل بۆلمەيتتۇق، ئاخىرقى نىشان ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بۇ جەرياندا بىللە ماڭىدىغان، قول تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان، تىكىلىپ قارىيالايدىغان ئىشلارغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ مىللەتتىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئەخلاققا ياتىدىغان ئىش ئىدى، ھەتتا بىللە ئولتۇرۇپ دەرسمۇ تەكرار قىلالمايتتۇق. بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز پەقەت گەپ-سۆز، ھەرىكىتىمىزدىكى سەمىمىيلىكتىنلا ئىپادىلىنەتتى. ئاخىرقى نىشانغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتۇق، — دەپ جاۋاب بەردىم. ھازىر بۇ خىل ھېسسىيات بىر خىل داۋالغۇچ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. توي قىلماقچى بولغانلار ئۆيۈڭ بارمۇ، خىزمىتىڭ بارمۇ... دەپ سورايدۇ. ئادەملەرنىڭ رېئال تەقدىرى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلىك — كىشىلەرگە گۈزەل بىر يارقىن تۇرمۇش مەنزىلىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا شېئىرىمىزدا چېكىنىش بار دەپ قارايمەن، قايمۇقۇشمۇ بار. زادى نېمىنى يېزىش كېرەك، قانداق يېزىش كېرەك، دېگەن مەسىلە مەۋجۇت. شېئىرنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك شېئىرنى شائىرلارلا قۇتۇلدۇرمايدۇ بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسى قۇتۇلدۇرىدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزى قۇتۇلدۇرىدۇ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئارزۇسىنى، رېئال ئىنتىلىشىنى،

ئۇلاردىكى بىر خىل ئارزۇ-ئارمانلارنى تۇيالىغان، سېزەلىگەن شائىرلار شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنى-ئۆزى قۇتۇلدۇرمايدۇ، بەلكى خەلق ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. بولمىسا بۇ شائىرمۇ ۋەز-نەسىھەت ئېيتىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. خەلق شائىرنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ دېگەنلىك ئەنە شۇ يەردە. ھازىرقى ئەھۋال ئەنە ئاشۇنداق، بىز شېئىرنى قۇتۇلدۇرۇۋاتىمىز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە شېئىرنى دەۋر قۇتۇلدۇرۇۋاتىدۇ. دەۋر ئېقىمى، خەلق دېگەن بەك ئابستراكتنى نەرسە ئەمەس، بەلكى كونكرېتنى نەرسە. ئەمەلىيەتتە بىز يېزىشقا تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ھازىر بۇغدايلارنى كومباينىدا ئورۇيدىغان بولۇپ كەتتى، كۆل قالمىدى، ئېتىزلىقتا بىر تاۋاق نان بىلەن قېتىق ئاپىرىپ بېرىدىغان قىزلار قالمىدى، كۆلچەككە ئات سۇغارغىلى بارىدىغان يىگىتلەرمۇ قالمىدى، قىزلارنىڭ چېلەكى كۆلگە چۈشۈپ كېتىدىغان، ئوغۇللار بېرىپ ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ قالمىدى. شۇڭا ھازىر يېزىلاردىمۇ بۇ خىل مۇھەببەت قالمىدى. شۇڭا يېقىندا «ئانامنىڭ چېلەكى سۇغا چۈشۈپ كەتكەندە، دادام سۈزۈپ بېرىمەن دەپ ئانامغا كۆيۈپ قالغان» دەپ شېئىر يازدىم. شۇڭا جەمئىيەتكە قاراپ كىشىلەر نېمىگە ئېھتىياجلىق، ئەدىبلەر مانا مۇشۇ نەرسىنى چۈشەنگەن چاغدا ئاندىن ئۆزىنى-ئۆزى قۇتۇلدۇرغان بولىدۇ.

## 2. نۆۋەتتىكى تەرجىمە ئەدەبىياتىمىز

**80-، 90-يىللار سىزنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىڭىزنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەن مەزگىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ھەتتا شېئىر توپلاملىرىمۇ چىقىرىپتىكەنسىز، شۇنچىلىك نەتىجىلەرنى قازىنىپ يەنە نېمە سەۋەبتىن تەرجىمە ساھەسىگە قىزىقىپ قالدىڭىز؟ مەسىلەن، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، «بۆرە توتېمى» دېگەندەك ئەسەرلەرنى ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىپسىز، بۇلار تەرجىمە ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئاپتور بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە يازغاندەك ياخشى چىقىپتۇ، ئەمدى سىزنىڭ تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا نېمە سەۋەبچى بولغان؟**

مەن كەسپىي تەرجىمان ئەمەس، ئەگەر كەسپىي تەرجىمان بولغان بولسام تەرجىمە ئەسەرلىرىم تېخىمۇ ياخشى چىققان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. مەن بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە بىر كۈنى گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ توساتتىن پالانىنىڭ تەرجىمىسى دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئويلىنىپ قالدىم، ئەسلىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرىنى خەلققە سۇنسىمۇ ياخشى بولىدىكەنغۇ دەپ، 1961-يىلى «سازلىقتىكى كەچكى تاماق» دېگەن بىر ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئەۋەتىپ بەردىم. ھېكايە ئۇزاق ئۆتمەي ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئون پارچىدەك ھېكايە تەرجىمە قىلىپ باقتىم. كۆڭلۈمدە بىر خىل ئىشەنچ پەيدا بولدى، كېيىن سوت مەھكىمىسىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدىم، بۇ جەريانلاردا كۆپىنچە ھۆكۈملەرنى تەرجىمە قىلدىم، بوش قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئارىلاپ-ئارىلاپ شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم. قىسقا ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم، نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ دەپ تاپشۇرغان كىتابلارنى، ئۆزۈممۇ بوپتۇ، تەرجىمە قىلسام قىلىپ باقاي دەپ ئويلاپ تەرجىمە قىلىپ سالدىم. مەسىلەن، لاڭ يىڭنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق، غەرب مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، «بۆرە خۇمار»... دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ھەممىسى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار. مۇنداق بولۇشىدا مېنىڭ ئۇيغۇر تىلىم نىسبەتەن ياخشى، ئانا تىلىمنى ئوبدان بىلىمەن. باشقىلار: سەن بىز ئۇنتۇلۇپ قالغان سۆزلەرنىمۇ بىلىدىكەنسەن دېيىدۇ. مەسىلەن، «بۆرە توتېمى» دېگەن كىتاب ئەسلىي ئۆزىمۇ بەك ياخشى كىتاب ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمىسىمۇ ياخشى چىقتى دەپ ئويلايمەن، ئاساسىي مەسىلە مەن ئانا تىلىمنى ناھايىتى پىششىق بىلىمەن. مەن ئويلايمەن، ھەرقانداق تەرجىمان ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. مەن ئادەتتە خەنزۇچىدىمۇ لۇغەتكە قارىمايمەن، 100 پارچىدەك خەنزۇچە شېئىرنىمۇ يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم. ئۇيغۇرچىمۇ يازدىم، درامىمۇ يازدىم، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلانىمۇ قىلدۇردۇم، مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتمۇ ئالدىم. ماقالىلەرنى تەرجىمە قىپمۇ باقتىم، تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق شۇغۇللىنىپ قالدىم. ئەمما ئۆزۈم ئىزدەپ-سوراپ تەرجىمە قىلىپ باقمىدىم. «بۆرە توتېمى» دېگەن ئەسەرنىمۇ باشقىلارنىڭ تەلىپى بويىچە

تەرجىمە قىلغان. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئانا تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىغا ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. مەن ئادەتتە تەرجىمىدە لوگىكىلىق خاتالىققا ھەرگىز يول قويمايمەن. شۇڭا مۇھەررىرلەرگىمۇ دەيمەن، سىلەر بىرى مېنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمامدىن خاتالىق ئىزدىمەڭلار، يەنە بىرى، مەزمۇنىدىن خاتالىق ئىزدىمەڭلار، ئۇلارغا مەن ئۆزۈم كېپىللىك قىلالايمەن. خاتالىق ئىزدەيدىغان يەر، مەن ماۋۇ گەپنىڭ ئورنىغا باشقا گەپنى ئېلىپ قويسام، مۇۋاپىق چۈشمىگەن ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ قالغان بولسام شۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇڭلار دەيمەن، ئادەتتە ئۇزۇن جۈملىلەرنى قىسقارتىپ ئالىمەن، ئۇزۇن جۈملىلەرنى بىر قانچىگە پارچىلاپ تۇرۇپ ئاندىن تەرجىمە قىلىمەن، ھەرگىزمۇ ما بەتتىن ئوقۇسا ئاۋۇ بەتكە چىقىپ كېتىدىغان قىلىپ تەرجىمە قىلمايمەن. خەتنىڭ ئۆزىگە ئېسىلىۋالمايمەن، لۇغەتكە قارىمايمەن دېگىنىم دەل مۇشۇ ئىشقا قارىتىلغان بولىدۇ. مەن قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىمۇ تۆت يىل ئۆگەنگەن، قەدىمكى خەنزۇ تىلى ۋە ئۇنىڭ گىراماتىكىسىغىمۇ خېلى پىششىق، ھەتتا بەزى خەنزۇ خىزمەتداشلىرىم ماۋۇ خەتنى نېمە دەپ ئوقۇيدۇ دەپ مەندىن سورايدۇ، شۇڭا «غەربىي يۇرت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابنى بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇردۇم، ھەممىسى قەدىمكى خەنزۇ تىلى بىلەن يېزىلغانىدى. ھازىرمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ كۇڭزىنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەستۇرىنى ئوقۇپ قويىمەن، ناھايىتى كۆپ ماتېرىيال كۆرىمەن، شۇڭا تەرجىمە مەسىلىسىدە بىرى ئومۇمەن خەلقىمگە پايدىسى بولغان نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلىمەن، ئىككىنچىسى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى تاللاپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىمەن. ئۆزۈم ياقتۇرمىغان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ دېسە، كەچۈرۈڭلار، مېنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ۋاقتىم يوق دەپ رەت قىلىمەن. بۇنداق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە نەپ تەگمەيدۇ دەپ قارايمەن. ئۆزۈمنى خۇددى گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. يېقىندا ئالتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» دېگەن ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. سۈن ھېدىنىڭ «يىپەك يولى» دېگەن رومانىنى تەرجىمە قىلىپ ھەر ئىككىلىسىنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بولدۇم. (مۇشۇ سۆھبەت نەشرگە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە، «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» نەشردىن چىقىپ بولدى — مۇھەررىردىن) ئادەتتە يېرىم كۈن تەكلىپ بىلەن باشقا ئورۇندا ئىشلەيمەن، كۈندە چۈش ۋاقتى دەم ئالىمەن، چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت ئەتراپىدا يازىمەن، تەرجىمە قىلىمەن، كەچتە ھەرگىزمۇ ئىشلىمەيمەن. سوقۇشىدىغان، ئېتىشىدىغان كىنولار بولسا شۇلارنى كۆرۈشكە بەك ئامراق، ھاردۇقۇم چىقىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن كەسپىي تەرجىمان ئەمەس، پەقەت خەلقىم ياقتۇرۇپ ئوقۇغۇدەك بىر قانچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ قويدۇم، خالاس.

**ئايتماتوف: «ھەرقانداق بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھەقىقىي مەنىدىكى تەرجىمە خادىملىرى، ئەدەبىي تەرجىمانلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت، بۇ بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارايدىكەن. سىزچە بولغاندا ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەرجىمىچىلىك قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟**

بۇ ئادەتتە ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش مەسىلەن، بىزگە نىسبەتەن خەنزۇ يېزىقىدا تونۇشتۇرۇش شۇ ئارقىلىق دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ياكى بولمىسا بىۋاستە ئىنگلىز، رۇس، ياپون... قاتارلىق تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا يېزىش ياكى شۇلارنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش. يەنە بىرى، دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر دەپ قارالغان، دۇنياۋى تەسىر قوزغىيالىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئۆزىمىزگە تونۇشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ھازىر قوش تىللىق مائارىپ دەۋاتىمىز، ھەممە ئادەملەرنىڭ قوش تىللىق بولۇپ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدا بىۋاستە كىتابلارنى ئوقۇپ، چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن، بىز تېخى تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئويغىنىۋاتقان مىللەت بولغانىكەنمىز، مەيلى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ بولسۇن، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ بولسۇن ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىگە موھتاج. چۈنكى كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇپ بېقىشى كېرەك، تەرجىمانلارمۇ تاللاپ تۇرۇپ ئەڭ ياخشى، نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئالاھىدە تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى ئۆز

ئانا تىلدا ئوقۇپ ئېرىشكەن ھاسىلات بىلەن ئىككىنچى
بىر تىلدا ئوقۇپ ئېرىشكەن ھاسىلاتنىڭ دەرىجىسى ئوخ-
شىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ
ئەكس ئېتىشى بولغاچقا، تىلىمىزدا ساقلىنىپ قالغان بىر
قىسىم كونا سۆزلىرىمىزدىن بىر زامانلاردا بىزدە شۇنداق
مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن،
«سوغداش» دېگەن سۆزدىن بىزدە قەدىمكى زامانلاردا
«مەشرەپ»نىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «باغىرداق»
دېگەن سۆزدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زا-
مانلاردا «لىپتىك» ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شۇڭا
بىر تىل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرى ۋە مەدەنىيەت
قالدۇقلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە.
شۇڭا بىز مەيلى خەنزۇ ئەدەبىياتى، مەيلى چەت ئەل ئە-
دەبىياتىنى تەرجىمە قىلايلى، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئارقى-
لىق ئاندىن ئۇنى قوبۇل قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى-
سىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا ئىمكا-
نىيەتنىڭ بارىچە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىدا ئىپادىلەپ بېرىش-
كە تىرىشىشىمىز لازىم. شۇ چاغدا ئاندىن بۇنى قوبۇل
قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قوبۇل قى-
لىشتىمۇ رول ئوينايدۇ، چەتكە قېقىشتىمۇ رول ئوينايدۇ.
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ھادىسە
ئەمەس، ئۇنىڭ ناھايىتى كونكرېت تەرەپلىرى بار. ئۇنىڭ-
دىكى باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، پىداكارلىق، سەمىمىيلىك،
كوللېكتىۋىزملىق، مۇھەببەت، دوستلۇق... لارنىڭ ھەممى-
سى مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە
دەل مىللەتنى ئالغا باسقۇزۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان
تەرىپلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەت ھەرگىز قاششاق، ئابستراكت، تەرەققىيات-
نى بوغۇپ قويىدىغان نەرسە بولمايدۇ. پەقەت مىللەتنى
ئالغا باستۇرىدىغان تەرىپىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دېگەن ھەرگىزمۇ كو-
نىلىق دېگەن گەپ ئەمەس، كونىلىق دېگەننى ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەت ئۆزى رەت قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇۋېرىدۇ.
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت شۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ
يوقالماي پۇت دەسسەپ تۇرالىشىدا رول ئوينايدىغان
ئىلغار تەرەپلىرىگە قارىتىلغان بولىدۇ. شۇڭا بىز تېخىمۇ
مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇش ئۈچۈن دۇنيادىكى مەدەنى-
يەتلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. دۇنياۋى
مەدەنىيەت پەقەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ رۇخسىتى ئار-
قىلىق ئاندىن سىڭىدۇ. ھازىر بىزگە نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى
مەدەنىيەت سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. ئىلگىرى كىنو، تېلېۋىزىيە،
كىتاب ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن بولسا ھازىر يېمەك-
ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ھاراق-شاراب، ھاۋايى-ھەۋەس
نۇرغۇن ئويۇن-تاماشىلىرى بىلەن كىرىۋاتىدۇ. بۇنى
مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت رەت
قىلىدۇ. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق بىر خىل ھەۋەس، دورامچى-
لىق، مودا قوغلىشىش ھېسابلىنىدۇ، ھامان بىر كۈنى شاللى-
نىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دېگەن ناھايىتى جاھىل
نەرسە، ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى شۇ مىللەتنى نابۇت قىلماي
ساق-سالامەت شەرم-ھايا بىلەن ساقلاپ قېلىشتىنلا ئىبا-
رەت. خۇددى ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ دېگەندەك
ھامان بىر كۈنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭلىق
بىلەنلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى دېگىلى بول-
مايدۇ. ئۇ ھامان ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق
ئەھۋال ئاستىدا، بىز چوقۇم دۇنيانىڭ ئىلغار پىكىر ئېقىملى-
رىنى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تەرجىمە قىلىشىمىز لازىم.
قارا-قويۇق ئەمەس، تاللاپ تەرجىمە قىلىشىمىز، ھەرگىز-
مۇ ئۇنى ئاسانكەن، قىزىقكەن دەپ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ
مىللەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان، ياخشى،
ئوبدان ئەسەر ئىكەن دەپ تاللاپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلى-
شى كېرەك. مېنىڭ بەزىبىر كىتابلارنى تەرجىمە قىلغۇم
كەلمەيدۇ دېيىشىمدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە. شۇڭا
بىزدە ئوبدان بىر تەرجىمانلىق قوشۇنى بولۇشى كېرەك.
بولغاندىمۇ چوقۇم ئۆز ئانا تىلىغا ناھايىتى پىششىق بولغان
قوشۇن بولۇشى كېرەك. ھازىر بىزدە ئانا تىلنى ياخشى
بىلمەي تەرجىمانلىق قىلىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا
ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى بولماي، ئۇيغۇر تەرجىمە تىلى
بولۇپ قالغان. بىزنىڭ بۇ تىلىمىز ئاجايىپ پاساھەتلىك
تىلدۇر، «بۆرە توتېمى»نى تەرجىمە قىلىۋېتىپ ئانا تىلى-
مىزغا مىڭ تەشەككۈرلەر ئېيتتىم. نېمىدېگەن باي
سۆزلۈكلەر، خەنزۇچىدا شۇنداقلا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان
نەرسىلەرنى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!
مەسىلەن، «بۆرە توتېمى»نى تەرجىمە قىلىۋېتىپ «母狼»
(مۇلاڭ) دېگەننى بەزىلەر قانجۇق دەپ ئېلىشنى توغرا

دەپ قارىدى، مەن ئۇنى «ئانا بۆرە» دەپ ئالدىم،
چۈنكى كىتابتا تەسۋىرلىنىۋاتقىنى كىشىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان
بۆرىدىن ئىبارەت بولغاچقا ئۇنى «قانجۇق» دەپ ئالسام
ھاقارەت بولىدۇ دەپ قارىدىم. ئىتنىڭ نىجاستى، بۆرىنىڭ
نىجاستى دېيىمىز، ئەمما بۇنى مەن «بۆرە مايىقى» دەپ
ئالدىم، چۈنكى ئىت بىلەن بۆرىنى بىر ئورۇنغا قويغۇم
كەلمىدى. «دېھقانچىلىق مىللىتى» دەپ ئالماي «تېرىقچى-
لىق مىللىتى» دەپ ئالدىم، دېھقانچىلىق مىللىتى دەپ
ئالسام بۇ زامانىۋى مىللەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنى
«تېرىقچىلىق مىللىتى» دەپ ئېلىشىم كېرەك. بۇ ئەھۋال-
لارنى مۇھەررىرلەرگىمۇ ئېيتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ پىكرىمگە
قوشۇلۇپ شۇ بويىچە كىتابقىمۇ كىرگۈزدى. ئومۇمەن:
تەرجىمىچىلىكتە ئالدى بىلەن ئانا تىلنى ناھايىتى پىششىق
بىلىش كېرەك. ھەم ئانا تىلنى پىششىق بىلگەن تەرجىمە-
چىلىك قوشۇننى تەربىيەلىمىسەك قەتئىي بولمايدۇ دەپ
قارايمەن. مېنىڭ ھازىر ئەڭ ئىچىم پۇشىدىغىنى چەت
ئەلنىڭ ئەڭ نادىر دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئە-
سەرلىرىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. بۇ بىر پاجى-
ئە. ئەڭ ياخشىسى بۇنى بىۋاستە ئۆز تىلىدىن تەرجىمە
قىلساق ناھايىتى ئوبدان ئىش بولغان بولاتتى. ھازىر
بىزدە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ،
لېكىن بىر پارچە نەرسىنى چەت ئەل تىلىدىن بىۋاستە تەر-
جىمە قىلىپ خەلققە تەقدىم قىلىپ بېرەلەيدىغانلىرى، ھەق-
قىي كارغا كېلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. شۇ تىلغا بىۋاستە
تەرجىمە قىلىۋاتقانلار تېخىمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتى-
دىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بىزدە كۆلەملەشكەن ياراملىق بىر
تەرجىمىچىلىك قوشۇنى يوق. مەن تەرجىمە قىلغان ئەسەر-
لەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشتىن ئاۋۋال «قىزىل راۋاقتىكى
چۈش»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل قىيا». «باھادىر شاھ لى
زېچىڭ»... قاتارلىق ئەسەرلەرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىق-
مەن. چۈنكى مەن ئويلايمەن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى ھەق-
قەتەن ياخشى. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ تىلىنىڭ ياخشى بولۇ-
شىدىكى سەۋەبمۇ بىرى، بايا دەپ ئۆتكىنىمدەك، «قىزىل
راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل قىيا»، «باھا-
دىر شاھ لى زېچىڭ»... قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆپ
كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىمدا.
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى ئىشلەتكەنلىكىم-
دە. بەك يېڭىچە گەپلەرنى ئىشلەتمىگەنلىكىمدە. يەنە
بىرى، ئانا تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلى-
كىگە پۇختا بولغانلىقىمدا دەپ قارايمەن. مەن تەرجىمانلىق
كەسپىنى ئانچە مۇرەككەپ ھېسابلاپ كەتمەيمەن، پەقەت،
تەرجىمان ئۆز ئانا تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى
چوقۇم ئوبدان ئىگىلىشى لازىم دەپ قارايمەن.

**دۆلىتىمىزدە «ئەدەبىيات مۇكاپاتى» دېسە**
**«لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بىلەن «ماۋدۇن ئەدەبى-**
**يات مۇكاپاتى»نى ئەڭ چوڭ مۇكاپات دەپ قارايدۇ،**
**زاڭزۇ يازغۇچىسى «ئالەي» ئىككى قېتىم «ماۋدۇن ئە-**
**دەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن بولدى. قىسقىسى**
**بىزدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى بۇ خىل**
**مۇكاپاتقا نائىل بوپتۇ، نېمە ئۈچۈن 10 مىليون نوپۇسى**
**بار ئۇيغۇرلاردىن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر ھازىرغى-**
**چە بولمىدى، سىزچە بولغاندا بۇنىڭ سەۋەبى نېمى-**
**دۇر؟ بىۋاستە خەنزۇچە يازمىغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى**
**باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمۇ؟**

بۇنىڭدا بىز باياتىن دېگەندەك تەرجىمىنىڭ سەۋەبى-
مۇ بار. بىزدە چىققان بىر قىسىم ياخشى دەپ قارالغان رو-
مانلارنى خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆرۈپ كېتەلىشى ناتا-
يىن، بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، لېكىن بۇ پۈتۈنلەي
خەنزۇچە يېزىش لازىم دېگەنلىك ئەمەس، جۇڭگو يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتى ئانا تىلدا يېزىشنى تەكىتلەيدۇ، مەسىلەن،
مەن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت شائىرلىرىنىڭ شېئىر-
لىرىدىن تاللانما»دىكى شېئىرلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر
ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇش ئەمەس. ئۇنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەن-
لەر كۆرمىگەن. پەقەت خەنزۇ كىتابخانلىرى كۆرۈپ
ھوزۇر ئالغان. شۇڭا بىز، بىرى، بىۋاستە خەنزۇچە
يېزىش كېرەك دېگەننى تەكىتلەپ بولالمايمىز، بۇنداق
قىلىش بەك تەس. ھەممە ئادەم خەنزۇچە يېزىپ كېتىدى-
غان ئىش بولۇپ كېتىدىغان بولسا ئۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدا ھېچنېمە قالمايدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا
چوقۇم ئانا تىل بىلەن يېزىش كېرەك. يازغاندىمۇ تەرجى-
مە قىلسا ئەرزىيدىغان مەلۇم چوڭقۇرلۇققا، دەۋرلىككە،
ئومۇمىيلىققا ئىگە تېمىلاردا يېزىش كېرەك. يەنە بىرى
چوقۇم ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا يېزىش كېرەك، ئۈچىنچىسى،
چوقۇم تەرجىمە قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىسى، يازغان ۋاقىتتا

چوقۇم مەلۇم چوڭقۇرلۇق بولۇشى كېرەك. ئۆز مىللىتىدىكىلەرمۇ، ئۆزگىلەرمۇ كۆرۈپ «ۋاھ» دېيەلىگىدەك ئەسەرلەرنى يېزىش كېرەك. مەنچە بولغاندا سەۋەبى مانا مۇشۇلار بولسا كېرەك.

«بۆرە تۇتېمى» دېگەندەك ياخشى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز، ئۇيغۇرچىدىمۇ ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

مەن ئىلگىرى بىر قىسىم ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلغان. شېئىرلارنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ھازىرقى ۋاقىتلىرىمدا پەقەت مەن شېئىرلىرىمنى ياخشى يازالىسامىمۇ چوڭ گەپ، چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقىدەمدە ھەممە نەرسىلەرگە چات كىرىشۋالغۇم كەلمەيدۇ. باشقىلار مېنى سەن تەرجىمىدىمۇ ئوبدان، ماقالىنىمۇ، شېئىرلارنىمۇ ياخشى يازىسەن دەيدۇ، ئۈچ پەسىللىك ئەدىب بولۇپ قالدىم. چاقچاق قىلىپ «ئەبجەش ئەدىب» دېگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن مەن شېئىر يېزىش قىيىن كېلىپ، ماقالە يازىدىغان، ماقالە يېزىش ئېغىر كەلسە تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم. پەقەت ئۆزۈم ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان ئىشلارنى كۆڭلۈم تارتىپ، ئۆزۈم خالاپ تۇرۇپ قىلدىم. ئەگەر تەرجىمە قىل دېسە تەرجىمە قىلالايمەن، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، چۈنكى مەن خەنزۇچە شېئىر يازدىم، ئېلانىمۇ قىلدىم. نەچچە پارچە ئوبزورلارمۇ يېزىلغان بولدى، بۇ خېلى ئىلگىرىكى ئىشلار، ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئەقلى بويىچە يازسامۇ بولاتتى ئەمما يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ۋاقىت بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر كېيىنچە سالامەتلىكىم ياخشى بولۇپ قالسا بىر قىسىم ياشلارنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ باقارمەن. ھېكايە، پوۋېست، رومان دېگەنلەرنى ياشلار قىلار، ھېلىمۇ ھازىرقى تۇرمۇشۇمغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر.

يېقىندا مەرھۇم يازغۇچىلىرىمىزدىن زوردۇن سابىرنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركىيەدە كەڭ خەلقنىڭ بەك ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دەۋاتىمىز، بولسا دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ تىلىغا ئىنگلىزچە، رۇسچىغا، ياپونچىغا تەرجىمە قىلسا بەك ياخشى بولاتتى، ئەمدى ئۇنىمۇ قىلالمىغان ئەھۋالدا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىقمۇ ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولامدۇ؟ سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ، بولسا دۇنيادا تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر ئىشلىتىدىغان، كۆپ ئادەم سۆزلىشىدىغان تىللارغا تەرجىمە قىلساق، كۆپ ئادەم خەۋەردار بولسا بەك ياخشى. ئىش قىلىپ مەيلى كىچىك مىللەتلەرنىڭ تىلىغا بولسۇن، مەيلى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تىلىغا بولسۇن تەرجىمە قىلىنىپ تۇرغىنى ياخشى، كۆپرەك ئادەملەرنىڭ بىلگىنى ياخشى. بۇنىڭ پايدىسى تەگسە تېگىدۇكى زىيىنى يوق. بىزمۇ بۇرۇن ئۆزبېكچىدىن ئوقۇيتتۇق. سلاۋىيان يېزىقىدا چىقاتتى، بىز ئوقۇۋېرەتتۇق، ھازىر باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىپ كەتتى.

ئىمىنكا سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى، تېنىڭىزنىڭ سالامەت، ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

---

سۆھبەتلەشكۈچىلەر: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى. (ئالىمجان ئابدۇقادىر ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

**جىددىي بىلدۈرگۈ**

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۆۋەندىكى ئادرېسقا يەنى: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28-نومۇر جىڭيۈەن سودا ئىشلىرى خىزمەت بىناسى (乌鲁木齐市文化路 28 号井源商业办公大楼) (ئەسلىدىكى بەيچۈەن سارىيى) 7-قەۋەتكە قايتىپ كەلدى. پوچتا نومۇرى: 830002، تېلېفون: 2856942 (0991)، ۋاقىپلانغايسىزلەر.

ھۆرمەت بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — قىممەت قارىشىدۇر

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى تەھرىراتى پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كې جىنخۇا «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەممىگە مەلۇمكى، مەدەنىيەت دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ماكانى ۋە جېنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدۇ. بەزىلەر ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى قالاق بولسا تاياق دەيدۇ، مەدەنىيىتى خارابلاشسا ئۆزلۈكىدىن گۇمران بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت. ئاساسىي ئېقىم قىممەت قارىشى جەمئىيەتنى يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام يۈرۈشۈشى ۋە مەدەنىي تەرەققىي قىلىشىنىڭ مەنىۋى كاپالىتى. نۆۋەتتە جۇڭگو جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان بىر گەۋدىلىك مەسىلە ئەخلاقسىزلىق، سەممىيەت كىرىزىسى ۋە پۇقرالار ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزى مەنىۋى ماكانىنىڭ كەمتۈكلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، خېلى كۆپ ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرى ھۆكۈمەت تەرەپ تەشەببۇس قىلغان ئاساسىي ئېقىم قىممەت قارىشىنى ئېتىراپ قىلمىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭمۇ ئالاقىدار بىلىملىرى كەمچىل ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەت داۋامىدا قىممەت تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، كۆپ ھاللاردا ئاساسىي ئېقىم قىممەت قارىشى بويىچە ئىش قىلمىغان. پارتىيە 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مەدەنىيەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولۇپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئەمدى بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىسى، تۈزۈم ۋە سىياسەتتىكى قىممەت يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتنى يېتەكلەش رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى سىڭدۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى ماكانىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىش كېرەك.

---

«جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ 2012-يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈندىكى سانىدىن **زۇنۇن باقى** تەرجىمىسى

تەرجىمە كۆزنىكى

# جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن بەك ئالدىراش

نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى شىركەت، كارخانىلاردا «ئايال-
لارنى ئەرلەردەك ئىشلىتىش، ئەرلەرنى ھايۋاندەك ئىشلە-
تىش» دېگەن گەپ پەيدا بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، خىزمەت-
چىلەر ھەر كۈنى بەكلا ئالدىراش ئىشلەيدۇ. بەكلا چارچاپ
كېتىدۇ. پات - پات ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيدىغان گەپ
تېخى. غوجايىنلارمۇ بىكار قالمايدۇ. ئۇلارمۇ كۈنلىرىنى ئا-
يىغى چىقماس خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، خادىملارنى
باشقۇرۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزى-
دۇ... ئۇنداقتا جۇڭگولۇقلار زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئال-
دىراش؟

ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، جۇڭگو دۇنيا بويىچە خادىم-
لارنىڭ ئوتتۇرىچە خىزمەت قىلىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق دۆلەت-
لەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر يىلدا تەخمىنەن 2200 سائەتكە يې-
تىدىكەن. ئارگېنتىنانىڭ 1903 سائەت، بىرازىلىيەنىڭ 1841
سائەت، ياپونىيەنىڭ 1758 سائەت، ئامېرىكىنىڭ 1610
سائەت، ئەنگلىيەنىڭ 1489 سائەت ئىكەن. گوللاندىيەلىك-
لەرنىڭ ئەڭ قىسقا بولۇپ، ئاران 1389 سائەت ئىكەن.

جۇڭگولۇقلار زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئالدىراش؟

TCL شىركىتى فىرانسىيەنىڭ تومسون شىركىتىنى سېتىۋالغان-
دىن كېيىن، جۇڭگولۇق باشقۇرغۇچىلار فىرانسىيەلىكلەرنىڭ
ھەرگىز ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىمەيدىغانلىقى، ئىشتىن
چۈشكەن ھامان يان تېلېفوننى تاقىۋېلىپ سايىسىنىمۇ كۆر-
سەتمەيدىغانلىقىنى، ئەمما خىزمەتكە ناھايىتى ۋاقتىدا كېلىد-
غانلىقىنى بايقاپ، بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىگەن. چۈنكى ئۇلار
كېچە - كۈندۈز تېلېفوننى ئوچۇق قويۇش، شىركەتنىڭ
يېرىم كېچىدە ئىشى چىقىپ قالسىمۇ، دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ بېجىرىش دېگەندەك ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن. ئە-
جەبا، ئىشچانلىق بىز جۇڭگولۇقلارغىلا خاس ئەنئەنىمۇ؟

ئەمدى بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئى-
چىدە يارىتىدىغان بايلىقىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، نورۋې-
گىيە بۇ جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا بولۇپ، ئەمگەك كۈچلى-
رىنىڭ بىر سائەتتە يارىتىدىغان ئوتتۇرىچە قىممىتى 37.99
دوللارغا يەتكەن، ئامېرىكا 2 - ئورۇندا تۇرۇپ 35.63
دوللار، فىرانسىيەلىكلەرنىڭ 35.08 دوللار، جۇڭگولۇقلار-
نىڭ 5.75 دوللار بولغان. جۇڭگونىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقى-
رىش ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، 1980 - يىلىدىكى-
نىڭ سەككىز ھەسسىسىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كىشى
بېشىغا يارىتىدىغان ئوتتۇرىچە قىممەت نورۋېگىيەنىڭ ئالتە-
دىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمىگەن.

ئەمگەك ــــ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ بۇنداق
تۆۋەن بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئىشنى تەرتىپ بو-
يىچە قىلالماسلىقتا. بۇ يەردىكى تەرتىپ ئۆلچەملىك ئىش
قىلىش تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ. تەرتىپنىڭ ھەر بىر ھالقىسى
ئۆلچەملىك بولسا، ئىشلار ئۆلچەملىك قىلىنسا، ئاندىن ئۈ-
نۈمنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈنۈم مەسلىسى شەخس ئۈچۈن كىچىك ئىش بولۇشى
مۇمكىن، ئەمما كوللېكتىپ ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ مەسلى-
دۇر.

«ئۈمىد» گورۇھىنىڭ باش لىدىرى ليۇ يۇڭشىڭ بىر
قېتىم كورېيەگە ئېكىسكۇرسىيەگە بېرىپ، بىر ئۇن زاۋۇتىدا
تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ كۈنىگە 1500 توننا بۇغداينى بىر
تەرەپ قىلىدىغان بۇ زاۋۇتنىڭ ئاران 66 خادىمى بارلىقىدىن
خەۋەر تېپىپ، ھاڭ - تاڭ قالغان. جۇڭگودا شۇنچىلىك كۆ-
لەمدىكى ئۇن زاۋۇتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدا-
رى ئاران نەچچە يۈز توننىغا يېتىدۇ، ئەمما خىزمەتچىلەر-
نىڭ سانى نەچچە يۈزدىن ئاشىدۇ. «ئۈمىد» گورۇھىنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسىپ-
لەرنىڭ ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىش-
لەپچىقىرىش ئىقتىدارى 250 توننىغا يېتىدىغان زاۋۇتلىرىدا
70 - 80 ئادەم ئىشلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك
ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كورېيە كارخانىلىرىنىڭ ئاران
ئالتىدىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. كورېيە زاۋۇتلىرىدىكى
خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ئۈنۈمى جۇڭگودىكى
ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭكىدىن تەخمىنەن ئۇن ھەسسىگە
توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگودىكى بەزى زاۋۇتلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كورې-
يە زاۋۇتلىرىنىڭكىدىن ئىلغار، ئەمما بىر كورېيەلىكنىڭ ئىش
ئۈنۈمى نېمە ئۈچۈن بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ
ئۇن ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؟ ليۇ يۇڭشىڭ بۇ مەسىلە
ھەققىدە بىر نەچچە ئاخشام كاللا قاتۇرۇپ ئاخىر مۇنداق
جاۋابقا ئېرىشكەن: ئادەم كۈچى ئۈنۈمى جەھەتتىكى پەرق
ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى قوشۇش مۇناسىۋىتى ئەمەس،
بىر كورېيەلىكنىڭ ئىش ئۈنۈمى بىر جۇڭگولۇقنىڭكىنىڭ 1.2
ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئون جۇڭگولۇقنىڭ ئىش ئۈنۈمى
بولسا 12 جۇڭگولۇقنىڭكىگە توغرا كېلىدۇ. ليۇ يۇڭشىڭنىڭ
چۈشەندۈرۈشى بويىچە بولغاندا، ئىش ئۈنۈمى كۆپەيتىش
مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر كورېيەلىكنىڭ ئىش ئۈ-
نۈمى بىر جۇڭگولۇقنىڭكىنىڭ 1.2 ھەسسىسىگە توغرا
كەلسە، ئون ئادەمنىڭ ئىش ئۈنۈمى تەخمىنەن 6.20
ھەسسە، 20 ئادەمنىڭ تەخمىنەن 38 ھەسسە بولىدۇ دېگەن
گەپ!

گەرچە جۇڭگو - كورېيە كارخانىلىرىدىكى خادىملار-

نىڭ ئىش ئۈنۈمى پەرقى ئەمەلىيەتتە ئۈنچىۋالا چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى يەنىلا خېلى مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ. ئىش تەرتىپىدە بىر ھالقىنىڭ ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولسا، يەنە بىر ھالقىنىڭ ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ، ئۇمۇ يەنە بىر ھالقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، مۇشۇ بويىچە داۋاملىشىپ ماڭسا، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى خىزمەت ۋاقتىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ...

ئۈنۈمنىڭ دومىلىما پايدىسى ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ دومىلىما پايدىسىدىن كېلىدۇ.

تەكرار پايدا دېگىنىمىز بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان دومىلىما پايدىدىن ئىبارەت. ئېينشتېين: تەكرار پايدىنىڭ كۈچى ئاتوم بومبىسىنىڭ كۈچىدىنمۇ زور بولىدۇ دېگەنىكەن. ئالايلۇق، بىر ئادەم بىر تۈرلۈك ماھارەتنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىككى ئادەمگە ئۆگىتىپ قويسا، ئۇنى بىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ.

بىز ئىلگىرىكى سىز جۇگېلياڭدەك تەپەككۇر يۈرگۈزەمسىز ياكى ئامېرىكىلىق باشقۇرۇششۇناس تايلوردەك تەپەككۇر يۈرگۈزەمسىز؟ دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. بۇ ئىككەيلەننىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىدىكى ھالقىلىق پەرق، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇلنىڭ ھاسىل خاراكتېرىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىدە. جۇگېلياڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەچى، ئەمما ئۇنىڭ شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش، كېمە ئارقىلىق ئوقيا يىغىش دېگەندەك ئوخشاش چارىلىرىنى كارخانىلاردا تەقلىد قىلىش ناھايىتى تەس. تايلور يەكۈنلەپ چىققان باشقۇرۇش ئىلمىگە دائىر قانۇنىيەتلەرنى كارخانىلاردا ئۈزلۈكسىز تەقلىد قىلىپ، كارخانىنى توختاۋسىز زورايتقىلى بولىدۇ.

كۆك چىكو ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى «بۈگۈنكى تەرمىلەر» (今日文摘) ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 6 - سانىدىن

**قاھار ئوسمان** تەرجىمىسى

## يەھۇدىيلار نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتىدۇ

### ئامېرىكىنىڭ ھەميانىنى كونترول قىلىش

بەزىلەر ئامېرىكىلىقلار دۇنيانى كونترول قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئامېرىكىنى كونترول قىلىدۇ، دېيىشىدۇ. دۇنيانىڭ پۇلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ يانچۇقىدا، ئامېرىكىنىڭ پۇلى يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىدا. ياخشى تەربىيە، ئادەتتىن تاشقىرى تىجارەت ماھارىتى يەھۇدىيلارنى «بايلىق»قا چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن. «فوبۇس» ژۇرنىلى ئېلان قىلغان ئامېرىكىدىكى ئالدىنقى 40 ئورۇندا تۇرىدىغان كاتتا زەردارنىڭ 16 سى يەھۇدىي. يەھۇدىيلار قۇرغان گولدمان ساكس شىركىتى، رېيمان ئاكا - ئۇكىلار شىركىتى قاتارلىق مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى، شۇنىڭدەك «پۇل مۇئامىلە ماگناتى» سوروس، «پاي چېكى ئىلاھى» بوففېت ۋەكىللىكىدىكى يەھۇدىي پۇل مۇئامىلىشۇناسلار بىرلىكتە ۋال كوچىسى، ھەتتا پۈتكۈل ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا.

ئامېرىكا كىنوچىلىقىنىمۇ يەھۇدىيلار ئاساس سالغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا ھوللىۋودنىڭ داڭقىنى چىقارغانلار دەل قۇرۇق قول ھالەتتە كالىفورنىيە ئىشتاتىغا كېلىپ جاھانكەزدىلىك قىلغان يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋامېر شىركىتىنى قۇرغان ۋامېر فامىلىلىك تۆت ئاكا - ئۇكا قېرىنداش بار. ھوللىۋود چولپانلىرى ئىچىدىكى باربرا ستىرېيساند، ستېۋېن سپېيلبېرگ قاتارلىق يەھۇدىيلار كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلار سانىلىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ساھەسىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلەرمۇ يەنە شۇ يەھۇدىيلار. يۈسۈف بۇرس 1917 - يىلى بۇرس مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ مۇكاپات بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «ئوسكار مۇكاپاتى» بولۇپ قالدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋال كوچىسى گېزىتى» ۋە ئامېرىكىدىكى ئۈچ چوڭ تېلېۋىزىيە تورى ئامېرىكا خەلقىنىڭ رايىغا ۋە سىياسەت يۆنىلىشىگە ھەر ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، بۇ مۇھىم تارماقلارنىڭ كۆپىنچە مەسئۇللىرى ۋە تايانچلىرىمۇ يەھۇدىيلار.

### 23 ئادەمدىن 6 مىليون ئادەمگىچە

يەھۇدىيلارنىڭ باشتىن ئۆتكۈزگەن جەبىر - جاپاسى ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. 1654 - يىلى دىنىي سوتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 23 يەھۇدىي يېڭى ئامستېردام (كېيىنكى نيۇيورك شەھىرى) گە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 350 نەچچە يىلدا، ئامېرىكا يەھۇدىيلىرى تولىمۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈرەش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھېچقانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان كىچىك كۆچمەنلەر توپىدىن ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى غوللۇق كۈچكە ئايلاندى.

ئامېرىكىغا باشتا كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلغان، ئەمما

يەھۇدىيلارنىڭ 2000 نەچچە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىدا يېتىلدۈرگەن، ئادەتتىكى كىشىلەردىن كۈچلۈك بولغان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىرادىسى ھەممىلا يەردە چاقناپ تۇرىدىغان ئىنتىپاقلىق روھى، تۇغما تىجارەت ئىقتىدارى ۋە تىرىشچان، ئىقتىسادچىل خىزمەت پوزىتسىيەسى ئۇلارنى ئامېرىكىدا مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

يەھۇدىيلار ھەرقانچە غۇربەت كۈنگە قالسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بەس - بەستە پەن - بىلىم ساھەسىگە ئاتلىنىدۇ.

گىتلېر قوزغىغان يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەركىتى يەھۇدىيلارنىڭ 2 - قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىغا سەۋەبچى بولدى، 1933 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 نەچچە مىڭ يەھۇدىي مۇساپىر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى. ئېينشتېيىنمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان 60 نەچچە يىلدا، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى پۇختا قەدەم بىلەن توختاۋسىز كۆپىيىپ 6 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى ئامېرىكا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 3% گىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ۋە ئامېرىكىغا بولغان كونتروللۇقى باشقا ھەرقانداق بىر كۆچمەن مىللەتنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ.

**ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىش**

يەھۇدىيلار باي بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئەندىشىنىڭ كۆلەڭگىسى ھامان سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. خېيىم - خەتەر ئۇلار ئۈچۈن نوقۇل ھالدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇش ياكى خارلىققا ئۇچراش بولماستىن، بەلكى يەنە مىللەتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت دىنىي ئەسەبىيلىك كەبى سىياسىي ئىشلارغا ئاتلىنىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى كۆپ بولۇپ ئۇنىڭ بىرى سايلامغا قاتنىشىش، 18 ياشتىن ئاشقان ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 50% كىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 90% كە يېتىدۇ؛ يەنە كېلىپ ئۇلار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نيۇيورك، كالىفورنىيە قاتارلىق جايلار چوڭ سايلام رايونلىرى بولۇپ، بۇ جايلاردىكى سايلامنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سايلام ئومۇملۇقىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنە بىر خىل ئۇسۇل سىياسىي ئىشلار ئۈچۈن ئىئانە توپلاشتىن ئىبارەت.

يەھۇدىيلار بېخىللىقتا داڭقى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ئىشلارغا ئىئانە بېرىدىغان چاغدا ناھايىتى مەردانىلىشىپ كېتىدۇ، 2000 - يىلدىكى ئامېرىكا سايلىمىغا پۇل ئىئانە قىلغان ئالدىنقى بەش ئورۇندىكى كاتتا زەردارنىڭ تۆتى يەھۇدىي.

پۇقرىقلاردىن باشقا، يەھۇدىيلار گېزىت - ژۇرنال، رادىيو، نەشرىيات، كىنوچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي كۈچكە ئىگە. نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى ئامېرىكا پۇقرالىرى ئىسرائىلىيەگە مايىل؟ بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي، يەنى ئىسرائىلىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆزلۈكسىز خەۋەر - تەشۋىقاتلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەن، پەلەستىنلىكلەر شۇنچە ئېغىر تالاپەت ۋە خارلىققا ئۇچراپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلار مۇنداقلا تىلغا ئېلىنىپ قويىدۇ. مانا بۇ جامائەت پىكرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى!

يەھۇدىيلار سىياسىي ئىشلارغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا يەنە پەردە ئالدىدىكى سىياسىي ئىشلارغىمۇ پائال ئىشتىراك قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كومىسسارى كىسسىنگېر، «ئىراق ئۇرۇشىدىكى ئىلاھ ئاتا» ۋولفوۋىتز، ئامېرىكا فېدېراتسىيە بىرلەشمە زاپىسى ئىدارىسىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەئىسى گرىنسپان، ئاقسارايىنىڭ ھازىرقى ئىشخانا مۇدىرى رام ئېرائىل ئېمانۇئېل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە 10 — 15 كىچە يەھۇدىي بار. ئاۋام پالاتاسىدىكى غوللۇق ئەزالارنىڭ تەخمىنەن 10% ى يەھۇدىي.

ئۆتمۈشتىكى سان - ساناقسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەر يەھۇدىيلاردا ناھايىتى قەيسەر ئىرادە ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك مەركەزگە ئىنتىلىش روھى يېتىلدۈرگەن، ئەمما بۇ خىل كۈچلۈك مەركەزگە ئىنتىلىش روھى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردا تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئۆز مىللىتىنىڭلا مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان، نەزەر دائىرىسى تار خاراكتېر شەكىللەندۈرۈپ قويغان.

بۇ يازما ئەسلىدە «گۇاڭجۇ تەرمىلەر گېزىتى» (广洲文摘报) گە بېسىلغان، گۇاڭدۇڭ قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «بۈگۈنكى تەرمىلەر» (今日文摘) ژۇرنىلىنىڭ 2010 يىللىق 6 - سانىدىن **قاھار ئوسمان** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسىدا

# فوتوگراف ئادىل ئىسمائىلنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلايمىز





مەن ساڭا ھەمراھ بولاي




كەسپىنىڭ قەنتى



دادام كىتاب ئەكەپتۇ



كونا تۈگمەن



زېمىنىنىڭ غوجايىنى



مۇقام بايرىمىغا تەنتەنە (2012 - يىلى ، يەكەن)

نۇردۇن ئابدۇسەمەت فوتوسى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 - يىلى 1 - سان (ئومۇمىي 319 - سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 - نومۇر جىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58-22 定价：6.00元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 22 باھاسى: 6.00 يۈەن